ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات ، تەشۋىقات بۆلۈملىرى باشقۇرىدۇ

# شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى



2002.4
新疆支部生活

- ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش
- «قارار»دىن سوئال - جاۋاب
- قارا يۇلغۇندىكى ئوتلۇق قەلب

ISSN 1002-9451
04>
9 771002 945002

## ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش



17) بايراق روشەن هالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك . ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان كىشىلەرگە ۋە ئىشلارغا قارشى بايراق روشەن هالدا كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك .



18) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى . ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، جۇڭخۇا ئېلىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش كېرەك .

## مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش



1) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بايراق روشەن هالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك .



2) مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ، جۇڭگونى غەربلەشتۈرۈشكە ، بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇش غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئىزچىل ۋاستىسىدۇر .



3) مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ماهىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەهبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ، ۋەتەننى پارچىلاش ، هەر مىللەت خەل... ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشتىن ئىبارەت .



4) "پان ئىسلامىزم" ۋە "پان تۈركىزم" مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل پروگراممىسىدۇر .

# يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش لازىم

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش — ئىچكى تەلەپنى ئاشۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈشتىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپ، ئۇ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە تاقىلىدۇ.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئىگىلىكىنى سانائەت ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئايلىنىشىنى پائال ئالغا سۈرۈش شەرت. غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى، بىنەم دېھقانچىلىقنى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. «شىركەتلەرگە دېھقان ئائىلىلەرنى يانداشتۇرۇش»، «زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى» دېگەنگە ئوخشاش ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ۋە سېتىشنى بىر گەۋدە قىلىپ باشقۇرۇشنى تەدرىجىي ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بازار ئېھتىياجىنى يول كۆرسەتكۈچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش، ھەرگىز بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىق لازىم.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، يەنە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش لازىم:

بىرىنچى، بوشىتىلغان تېرىلغۇ يەرلەردە ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم. بۇ يىل بوشىتىلغان تېرىلغۇ يەرلەردە ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، چارۋا مالنى چېكىندۈرۈپ، ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان قاقاس تاغ ۋە قاقاس يەرلەردە ئورمان بىنا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.

ئىككىنچى، يېزىلارنىڭ باج - ھەق تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە ئاشلىق - پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. يېزىلارنىڭ باج - ھەق تۈزۈمى ئىسلاھاتى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشتىكى تۈپ تەدبىر. بۇ يىل نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، ئۇنى ئاساسلىقى ئوتتۇرا رايونلاردىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان ئۆلكىلەردە ۋە چوڭ دېھقانچىلىق ئۆلكىلىرىدە ئېلىپ بېرىش، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ قىسمەن ناھىيە، شەھەرلىرىدە داۋاملىق سىناق قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى تىرىشىپ كېڭەيتىش لازىم. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يېزا مۇلازىمەتلىق كەسپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېزىلارنىڭ 2 - ، 3 - كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ۋە تۈزۈلمىنى يېڭىلاشنى تېزلىتىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى تىرىشىپ قوغداش لازىم. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش كېرەك.

(جۇ رۇڭجىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىغا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ىدىن ئېلىندى)

# مۇندەرىجە


مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە
قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك ........................ 4

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈك-
سەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى .................................................. 9

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، تەشۋىقات بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈ-
چەيتىش لازىم .................................................. خې فۇلىن 11

ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ئىستىھكامىنى مەھكەم ساقلاپ، مىللىي بۆلگۈن-
چىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمىز ............................ م. ئابدۇرۇسۇل 14

مۇستەھكەم مەدەنىيەت سېپىلى بەرپا قىلايلى .................... خەن زىيۇڭ 16

ئۆگىنىش يېتەكچىسى

15 ـ قۇرۇلتاي 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»نى ئۆگىنىشكە دائىر سو-
ئال ـ جاۋابلار .................................................................. 17

پارتىيە قۇرۇلۇشى

پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئىدىيىۋى
ئىستىل قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك .................... ۋاڭ تيې 19

تەشكىلات خىزمىتى

ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش بىلەن WTO پرىنسىپلىرى ......... گۇ شىنۋېي 21

پارتىيە دەرسى

خىزمەتتىكى بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم ......... ئى. ۋەلى 22

دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى

قارا يولغۇندىكى ئوتلۇق قەلب ........................................ ئا. ئابلىز 24

رەھبەرلىك سەنئىتى

رەھبىرىي كادىرلار نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك ........ ئا. ئىبراھىم 27

ئاممىۋى سۆھبەت

ئاساسلىق رەھبەرلەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى نەمۇ-
نىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم ..................... ئە. ئىسمائىل 29






**ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات ، تەشۋىقات بۆلۈم-لىرى باشقۇرىدۇ**

**«شىنجاڭ ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى**

**سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىد-قات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال**

**ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق ، موڭغۇل يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدۇ**

**مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى**

ISSN1002 — 9451
CN65- 1002 / Z

# 2002 ـ يىل 4 ـ سان
# (ئومۇمىي 459 ـ سان)

## تەرمىلەر گېزىتى

بۇ يىل نۇقتىلىق ئىشلىنىدىغان سەككىز تۈرلۈك خىـزمـەت..............
...............................................(سەككىز پارچە) 30

## پاكلىق قۇرۇلۇشى

نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردا پارتىيە ئىستىلىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش
زۆرۈر .......................................... م. توختى 32

## سىياسەت مەسلىھەتچىسى

بىمارلار قانداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ؟ ................ (ئىككى پارچە) 34

## گۈل ۋە تىكەن

قەيسەر ھامىدىن ئۆز خىراجىتى بىلەن 37 خىل گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى
بولدى ............................................ (ئالتە پارچە) 36

## پارتىيە ئەزالىرى ساداسى

دېھقانلارنىڭ ياشاش شارائىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالماقتا...(تۆت پارچە) 38

## ئىبرەت

«شانلىق مۇۋەپپەقىيەت»تىن كېيىنكى چۈشكۈنلىشىش ........ لى دالۇڭ 39

## ياچېيكا خىزمىتى

ياچېيكا خىزمىتىدە مەركىزى ھالقىنى تۇتۇشقا دىققەت قىلىش لازىم ..... 42

## بۈگۈنكى دۇنيا

ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ھالـقـا
قىلغان ............................................................ 43

## ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى

نېمە ئۈچۈن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ... 45

## ئۇچۇرلار

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى قاراقاش ناھىيىسىگە ئەمەلىي
ياردەم بەردى ............................................ (ئالتە پارچە) 47

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ئۇنسۇ نا-
ھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرسۇن نىياز
ئەنۋەر ئېلى فوتوسى

بۇ سانىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى ئابدۇسالام، مۇختەر ئەپىرى سىزغان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
تۇرنان قاسىم
تېلېفون: 2391336

مۇھەررىرلەر
ئەركىن ئىمىن
قۇدرەت مىجىت
زۇلپىيە موللاخۇن
ئارزۇگۈل تۇرسۇن
تېلېفون: 2391829

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى
ئابدۇسالام ئابدۇراخمان
تېلېفون: 2391879

نۆۋەتچى مۇھەررىر
زۇلپىيە

ئىچكى بەتلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830003

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىچكى ـ تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. 1. ئۇلار ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى؛ 2. ژۇرناللار، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، گەپتىن گەپ چىقىرىپ، كىنايىلىك ئوخشىتىش ئارقىلىق نارازىلىق كەيپىياتىنى ھەم بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى؛ 3. بۆلگۈنچىلىك تەرغىب قىلىنغان كىتاب ۋە ژۇرناللارنى قانۇنسىز نەشر قىلىپ، ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى، خەت ـ چەكلەر ۋە لوزۇنكىلارنى ئەۋەتىپ، چاپلاپ، تارقىتىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى؛ 4. ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىن لېنتىسى، VCD پلاستىنكىسى قاتارلىق ئېلېكترونلۇق ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلەرنى قۇترىتىپ «غازات قىلىش»نى تەرغىب قىلدى؛ 5. چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ رادىئو، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەم ئىدىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى؛ 6. خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، بىر قىسىم ئاممىنى ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلىشقا جەلپ قىلىپ، بىز بىلەن ئاساسلىق ئاممىنى تالاشتى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم ساھە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى خەلقنىڭ رايىنى، ئاممىنى، ئىستىھكامنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئاساسنى مۇستەھكەملەش جەھەتتىكى مۇھىم سىياسىي كۈرەش، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. جايلار، تارماقلاردىكى كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار بۇنى چوقۇم سەگەكلىك بىلەن تونۇشى كېرەك. سىياسىي نۇقتىئىنەزەرنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە باشتىن ـ ئاخىر مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك. مەيلى ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يولداشلار بولسۇن، ياكى ئىدېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار بولسۇن، ئىدىيە جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇشنى چوقۇم ئۆزىگە بىرىنچى تەلەپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، قەتئىي بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن روشەن سىياسىي نۇقتىئىنەزەرگە، قەتئىي سىياسىي مەيدانغا ئىگە بولۇشى، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشى، سوتسىيالىزم يولىدا، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىشى كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي تەلەپ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەزمەن پۇختا سىياسىي نەزەرىيە ئاساسىنى ھازىرلاپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېـ

مىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، شىنجاڭدا ئەڭ رېئال، ئەڭ مۇھىم ئىش مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش لازىم.

توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە، قەتئىي سىياسىي مەيدانغا ئىگە بولۇش، ئۆتكۈر سىياسىي كۆزىتىش ئىقتىدارى، پۇختا نەزەرىيە ئاساسى، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسەت سەۋىيىسى ھازىرلاش — ھەر بىر رەھبىرىي كادىرغا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ، شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا. بولۇپمۇ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە ئۆتكۈر ئالدىن كۆرەرلىك بولۇش، ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش، ئۇسۇلنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە ۋە ئانالىز قىلىشقا ماھىر بولۇش، سىياسىي كاللا، سىياسىي نەزەر ئارقىلىق تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە بايقاشقا ماھىر بولۇش، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەر خىل تونىنى بايقاشقا، ھەر خىل ناملار بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىنى، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە زىيان سېلىشنى توسۇش، ئۈنۈملۈك بولغان ئالدىنى ئېلىش ۋە زەربە بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا بولغان تەسىرىنى ۋە ئۇلارنى چىرىتىشىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاش، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى باشتىن ـ ئاخىر قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئىستىھكام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «زېمىننى قوغداشتا جاۋابكار بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ژۇرنال تەھرىراتى، نەشرىيات ۋە باشقا مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ئىستىھكام. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىستىھكام ئىگىسىنى، رەھبەرلىكىنى، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى، مەدەنىيەت بازارلىرى، ئالاقە تورىدا تارقىتىش قاتارلىق ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ئىستىھكامىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىلمىي نەزەرىيە، ئىلغار مەدەنىيەت، گۈزەل قەلب ئارقىلىق بارلىق ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى ئىگىلەپ، «زېمىننى قوغداشتا جاۋابكار بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، كىتاب، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى ۋە ئالاقە تورى قاتارلىق ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم قورال، ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ قولىدا پۇختا ئىگىلەپ، ھەقىقىي ياخشى باشقۇرۇش ۋە ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. بارلىق جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ئىتتىپاقلىقتا،

مۇقىملىقىتا، تولۇق غەيرەتكە كېلىشتە، يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تىل» ۋە «قورال»نىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىگىلەپ، ئىلمىي، ئاممىۋى، قاراتمىلىق بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىر قىلىش كۈچى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەشۋىقات جامائەت پىكرى ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپ كېلىدىغان خاتا ئىدىيە، خاتا قاراشلارغا، ماركسىزمغا خىرىس قىلىدىغان ۋە ھۇجۇم قىلىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىدىيەۋى ئېقىم ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا، ئىدېئولوگىيىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈشكە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيىلەش سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش مۇداپىئە لىنىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشتا، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قاراتمىلىقى بولغان يۈزتۇرانە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيىدۇر، بۇ خەلقنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، توغرا ئىدىيە بىلەن خاتا ئىدىيىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۈشمەننى يوقىتىدىغان ۋە پارچىلايدىغان كۈچلۈك قورال، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلىيەلىگەنلىكىمىزدىكى مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. ھەر خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى، كادىرلار ۋە ئامما ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم كۆرسەتمىلىرى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، كەسكىنلىكى، مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە زىيىنىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ھەق ـ ناھەق ۋە دوست ـ دۈشمەننىڭ چېگرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان سالىدىغان ھەر خىل قىلمىشلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تارقاتقان شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، يەنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخنى بۇرمىلايدىغان، ئۇيدۇرۇپ چىقىرىدىغان خىلمۇ خىل سەپسەتىلەرنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ تاشلاپ ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلار تەرغىب قىلغان ئاتالمىش پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل تەسىرىنى يوقىتىش كېرەك. ئۈنۈملۈك تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، يەنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا تونۇتۇپ، پارتىيىمىزنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىگىلىتىپ، «شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىز تۇپرىقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى»، «شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئەزەلدىن بىرلا مىللەت ياشاپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى ھەر خىل تىللارنى قوللىنىدىغان، ھەر خىل دىنغا ئېتىقاد

قىلىدىغان، خىلمۇ خىل ئۆرپ ـ ئادىتى بولغان كۆپ مىللەت خەلقى ياشاپ كەلگەن»، «شىنجاڭنىڭ تارىخى ــــ خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، ئورتاق جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئورتاق قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان تارىخ» دېگەندەك توغرا كۆز قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايدىغان ئىدىيىۋى ئاڭنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش ھەم ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىن مەكتەپ تەربىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭىپ كىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەۋلادلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بار ئاماللارنى قىلىپ باقتى. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىلدىكى مەكتەپلەر غايە، ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەربىيىسىنى كەڭ ـ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ماركسىزملىق دۆلەت قاراش، مىللەت قاراش، دىن قاراش، تارىخ قاراش، مەدەنىيەت قاراش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەدرىجىي ھالدا توغرا دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەش لازىم. مەكتەپلەردىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پارتىيىمىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى، سوتسىيالىزمنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، سوتسىيالىزمنىڭ «تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي تەربىيىلەپ چىقىشى لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا چېتىلىدىغان چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە، مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن بولۇشى، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئۈستىگە ئېلىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. ھەر قانداق كىشىنىڭ مەكتەپ مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىغا يول قويماسلىق؛ مەكتەپ ئىچىدە فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيىلىرىنى تارقىتىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، ئاتېئىزم توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي ھەقىقىتى، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى، ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي ئۇسۇل، ئىلمىي روھ تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. كىشىلەر ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنىڭ، ئاتېئىزم بىلەن تېئىزمنىڭ، ئىلىم ـ پەن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ، مەدەنىيەت بىلەن نادانلىقنىڭ چەك ـ

چېكىرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىلمىي دۇنيا قاراش تىكلەپ، ھەر خىل ئىدېئالىزم، فېئودال خۇراپاتلىق ھەمدە ساختا ئىلىمنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىش لازىم.

شىنجاڭنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىسى كۆپ، دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسى زور بولۇشتەك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش لازىم. يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بىز سۆزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مۇھىم نۇقتىئىنەزەر ۋە پرىنسىپلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىگىلىشىمىز لازىم. بىرىنچىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر جەھەتتىن، ھەر بىر پۇقرادىن دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، دىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش يەنى، نورمال دىنىي پائالىيەت ۋە دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى توسۇپ، چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىشنى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، قانۇن ـ قائىدە ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىشنى، ئۇلار شۇغۇللانغان دىنىي پائالىيەتنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، دىن تەشكىلاتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى قوللاش، تەربىيىلىگۈچىلەرگە بولغان خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جىددىي زور سىياسىي ۋەزىپە، شۇنداقلا مۇشكۈل، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ۋە ئاممىۋى ئاساس سېلىشى لازىم.

(ۋاڭ لېچۈەننىڭ 31 ـ يانۋاردىكى سۆزىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نۆۋەتتىكى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە پەيدا بولغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم تەدبىر.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش — بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، زوراۋان تېررورچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك كۈچ سىنىشىدىغان يەنە بىر جەڭ مەيدانىمىز. ئۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئاممىنى، خەلقنىڭ رايىنى، ئىستىھكامنى تالىشىدىغان، سوتسىيالىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەيدىغان جىددىي سىياسىي كۈرەش. ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەممە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەت تارماقلىرى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشى لازىم.

ئىدېئولوگىيە ساھەسى ئەزەلدىن تارتىپلا ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى، ئىدىيىۋى ئېقىملىرى ئۆز ئارا سىڭىشىدىغان، ئۆز ئارا توقۇنۇشىدىغان مۇھىم ساھە، شىنجاڭدىمۇ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مۇقەررەر ھالدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۆز ئەكسىنى تاپتى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىشتەك رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى بىردەممۇ توختاتمىدى. ئۇلار يا ھەر خىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتسا، يا ژۇرناللار، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ گەپتىن گەپ چىقىرىپ، كىنايىلىك ئوخشىتىش ئارقىلىق نارازىلىق كەيپىياتىنى تەرغىب قىلدى، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىدى؛ يا بۆلگۈنچىلىك تەرغىب قىلىنغان كىتاب ۋە ژۇرناللارنى قانۇنسىز نەشر قىلىپ، ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى، خەت ـ چەكلەرنى ۋە لوزۇنكىلارنى ئەۋەتىپ، چاپلاپ، تارقىتىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلسا، يا خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ۋاسىتە قىلىپ، بىر قىسىم ئاممىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلىشقا جەلپ قىلىپ، بىز بىلەن ئاممىنى تالاشتى؛ ياكى ئېلېكترونلۇق ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىپ، «غازات قىلىش»نى تەرغىب قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ رادىئو، ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەممە ئىدىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. ئۇلار تارقاتقان ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەر ۋە بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىلىرى ھەر مىللەت ئاممىنى ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئېغىر

دەرىجىدە زەھەرلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى باشتىن ـ ئاخىر «ئىس ـ تۈتەك بولمىغان» مۇھىم ئۇرۇش مەيدانى بولۇپ كەلدى، كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇۋاتىدۇ، بىز ھەرگىزمۇ بىخۇدلۇق قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشتە، سىياسىي قاراشنى كۈچەيتىش، سىياسىي جەھەتتە باشتىن ـ ئاخىر مۇستەھكەم بولۇش لازىم. مەيلى ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يولداشلار بولسۇن ياكى ئىدېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار بولسۇن، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشنى چوقۇم ئۆزىگە بىرىنچى تەلەپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇشى لازىم. سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشتا، شىنجاڭدا ئەڭ رېئال، ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش لازىم.

بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «زېمىننى قوغداشتا جاۋابكار بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ژۇرنال تەھرىراتى، نەشرىيات ۋە باشقا مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ئىستىھكام. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىستىھكام ئىگىسى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىلمىي نەزەرىيە، ئىلغار مەدەنىيەت، گۈزەل قەلب ئارقىلىق بارلىق ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى ئىگىلىشى لازىم.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا يۈزتۇرا تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيىلەش سالمىقىنى تېخمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش مۇداپىئە لىنىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلقنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۈشمەننى يوقىتىدىغان ۋە پارچىلايدىغان كۈچلۈك قورال، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلىيەلىگەنلىكىمىزدىكى مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. شۇڭا چوقۇم ئىشنى ياخشى، پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك.

ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەم ئۇنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىن مەكتەپ تەربىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭىپ كىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەۋلادلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بار ئامالنى قىلىپ باقتى. بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە پائالىيىتىدە ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىگە تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ چىڭ تۇتۇشىمىز، ياخشى ئىشلىشىمىز، مەكتەپلەرنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، ئاتېئىزم تەشۋىقاتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەربىيىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ تۈرلۈك ئىدېئالىزم، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە ساختا ئىلىمنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر بىر قەدەر ئالدىراش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار جەزمەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئومۇمىيەتنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىنى نەتىجىلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى يېڭى نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشى لازىم. (04)

# مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، تەشۋىقات بازىسى قورۇلۇشنى كۈچەيتىش لازىم

ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى
خې فۇلىن

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى پرولېتارىيات ئىدىيىسى بىلەن بۇرژۇئا ئىدىيىسى، ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا يات ئىدىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئەزەلدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ماۋجۇشى: «بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى ھازىرلاش، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىنقىلابىي سىنىپمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپمۇ شۇنداق قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭ، شىزاڭنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى «16 ـ سېنتەبىر» يوليورۇقىدىمۇ: «غەرب دۈشمەن كۈچلىرى ۋە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە تەشۋىقات، جامائەت پىكرى بازىسى ئىنتايىن مۇھىم سەپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى جامائەت پىكرى بازىسىنى كۈچەيتىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، يەنە كېچىكسەك ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان، كەچۈرگۈسىز تارىخىي خاتالىق ئۆتكۈزىمىز» دەپ كۆرسەتتى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ئالدى بىلەن تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىدىيىنى توغرىلاش، بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىش لازىم.

### (1) سىياسىي بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىقتىساد — مەركەز، تەرەققىيات — چىڭ قائىدە. مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ساداسى. جۇڭگودىكى بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاچقۇچ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش سىياسىي جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ناھايىتى مۇھىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، ئىشلىرىمىزنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

سىياسىي ئۈستقۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىقتىسادىي بازىسقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىبارەت مەركەزگە خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىياسىينىڭ يەنە كېلىپ ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى، ئىقتىساد بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىياسىينىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ تولۇق تونۇشىمىز شەرت.

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى — كەسكىن، جىددىي سىنىپىي كۈرەش بولۇپ، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم سىياسىي كۈرەش. جۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا كۆرسەتكەندەك، بۇ «ناھايىتى مۇھىم سىياسىي»، «ناھايىتى مۇھىم ئومۇمىيلىق». شۇڭا بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇشىمىز، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشىمىز، دائىم بوشاشماي تۇتۇشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغانلىق تۈپەيلىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە سەل قارىماسلىقىمىز ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز سەگەك، لاياقەتلىك رەھبىرىي كادىر بولالمايدۇ.

**(2) سىياسىي بىلەن كەسپنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كەسپى بار، ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار، ئۇلار خىزمەتلىرىنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەككى، ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى — سىياسىيلىقى، سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت. ئۇنىڭدا سىياسىيغا، ئومۇمىيلىققا، پرىنسىپقا، ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىش، سىياسەتچىلەر گېزىت چىقىرىش، سىياسەتچىلەر كىنو، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئۇلار كەسپ ئۆلچىمىگە ئەھمىيەت بېرىشى، سىياسىي ئۆلچەمگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

جامائەتچىلىككە يۈزلەنگەن ھەرقانداق ئاخبارات ۋاستىسى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى، ئىلغار ئىدىيە، مەدەنىيەتنى ئاڭلىق، پائال تەشۋىق قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە قارشى مۇقام تۇۋۇلىشىغا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ۋە مەركەزنىڭ روھىغا خىلاپ سۆزلەرنى ئېلان قىلىشىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان سۆزلەرنى ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشىغا، ئاممىنى قايمۇقتۇرىدىغان پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**(3) ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتى**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروتىمۇ بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەككى، مەنىۋى مەھسۇلاتلار ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە بولىدۇ، شۇڭا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمدە چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تىرىشىپ توغرا بىرلەشتۈرۈش لازىم.

مەنىۋى مەھسۇلاتلاردا مەنپەئەت قوغلىشىپ، مەنپەئەتنى دەپ ئادالەتنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا «ھەممىدە پۇلغا قاراش» ئىدىيىسىنى قەتئىي تۈگىتىش لازىم. كۆزىنى پۇلغا تىكىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بازا، مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىشكە بولمايدۇ.

**(4) ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن يۈنىلىشنى ئىگىلەشنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى. بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدىن چەتنەپ، ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىپ، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ كەتسە، ئالغا باسالمايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ. پارتىيە، دۆلەت ۋە مىللەت شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزمۇ شۇنداق بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، قائىدە بولمىسا، ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىقى تەس. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن ئايرىلمايدۇ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ئايرىلمايدۇ. ئىدىيىدە ئازاد بولۇشتا، چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەككى، قالايمىقان ئويلاردا بولۇشقا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن ۋە ئاساسىي قانۇن، قانۇن ـ ئىنتىزامدىن چەتنەپ، خالىغاننى قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن يۆنىلىشنى ئىگىلەش بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن يۆنىلىشنى ئىگىلەشنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى — مۇھىم تەشۋىقات بازىسى. ئۇلار دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە سىياسىي مۇقىملىق جەھەتتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش قىزغىنلىقى بىلەن ئىلمىي روھنى بىرلەشتۈرۈش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن يېتەكلەشنى چىڭ ئىگىلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش لازىم. ھەرگىزمۇ «يېتەكلەشنى ئىگىلەش»نىلا تىلغا ئېلىپ، ئۇنى «ئىدىيىدە قاتماللىشىپ كېتىش»، «ئىدىيىدە ئازاد بولمىغانلىق» دېيىشكە بولمايدۇ.

مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، پارتىيىنىڭ ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا

بولغان رەھبەرلىككە، ماكرولۇق تىزگىنلەش كۈچىگە، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاخبارات ۋاستىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىشى، قەتئىي تۈردە قائىدە بويىچە ئىش قىلىشى، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىشى، خىزمەتنىڭ بىخەستەلىك، چىڭ ئىگىلىمەسلىك تۈپەيلىدىن زور سەۋەنلىك، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

**(5) ئومۇملۇق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى**

مىللەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەنپەئىتى بار. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ—ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئۇ، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى ۋە داۋاملىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك. جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئېتىبار بېرىشى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتىنى يولغا قويۇشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىغا، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى سوتسىيالىزمنىڭ بىرلىكىنى بەلگىلىگەن. بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مىللەتلەرنىڭ باردى - كەلدى ئالاقىسى بارغانسېرى كۆپىيىپ قويۇقلاشتى، سوتسىيالىزمنىڭ بىرلىكىمۇ كۆپەيدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى، دۆلەت مەنپەئىتىنى تەكىتلىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىمىز؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قورغانلارنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشىمىز لازىم. مانا بۇلار، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى — پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەت مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. ئۇ، 56 مىللەتنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىشىدىن ئىبارەت تۈپ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەنپەئىتى. شۇڭا، مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە، تۈپ مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى، ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش—دۆلەتنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭا ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى چوڭايتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز مىللەتلەر ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىش، باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش خاتا قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز؛ سوتسىيالىزمنىڭ بىرلىكى، ئورتاقلىقى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىشىمىز؛ پۇقرالىق ئېڭىنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىشىمىز؛ ئۆزلىرىنى مىللەت، دىن ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، زامانىۋىلىشىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سۇيىقەستلەردىن ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇلارنى پاش قىلىشىمىز لازىم.

# ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ئىستىھكامىنى مەھكەم ساقلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى **مىجىت ئابدۇرۇسۇل**

مىللىي بۆلگۈنچىلەر پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەھەر سېلىش، ئوت قويۇش قاتارلىق زوراۋانلىق جىنايەتلىرى ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەشۋىقات، جامائەت پىكرى، ئاخبارات ـ نەشرىيات، مەدەنىيەت ئىستىھكاملىرىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلدى، بۇنىڭ تەسىرى ۋە پەيدا قىلغان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۇ خۇپىيانە ھالدا ۋە ئالدامچىلىق تۈسىدە ئېلىپ بېرىلدى. ۋاڭ لېچۈەن شۇجى بىزنى «توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە ۋە مۇستەھكەم سىياسىي مەيداندا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىمىز ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنى تىرىشىپ ئاشۇرۇشىمىز؛ ئىستىھكام ئېڭى، سىياسىي ئاڭ ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇقەددەس بۇرچىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيىسى ۋە بوشىشىپ كېتىش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت ئىستىھكامىمىزنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز، دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا پايدىلىنىش پۇرسىتى بەرمەسلىكىمىز كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر. بۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە يېڭى ۋاستە ئارقىلىق يېڭى سورۇنلاردا ۋاستە تاللىماي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. بىز ھوشيارلىقىمىزنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويماي، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى، بولۇپمۇ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق جەھەتتە كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تونۇشىمىز، ئىدىيىمىزنى ھەقىقىي تۈردە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋاڭ لېچۈەن شۇجى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر بويىچە، خەلققە، دۆلەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تونۇشتا مۇجمەل بولماسلىق، پوزىتسىيىدە مايىل بولماسلىق، ھەرىكەتتە تەۋرىنەمەسلىكنى باشتىن ـ ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

بىز ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل تەدبىرنى قوللىنىمىز:

1. ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىمىز. قوشۇن قۇرۇلۇشى ئاساس، كاپالەت، ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر. بىز ھازىردىن باشلاپ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق قوشۇنىدىكى خادىملارنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات قوشۇنىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ئومۇمىيلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، بۇ جەھەتتىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ئۈندەشتۈرۈپ، مەيدانى مۇستەھكەم، سىياسىي

جەھەتتە ئۆتكۈر، كەسپتە قابىل بولغان ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق قوشۇنىنى ھەقىقىي تۈردە قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

2. تۈزۈملەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز. بۇ قېتىمقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تەربىيىسىدە، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆگىنىش ۋە تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، زور كۈچ بىلەن ئاخبارات-نەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز. بىرىنچىدىن، نەشر بۇيۇملىرىنى ئۈچ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭدا داۋاملىق چىڭ تۇرىمىز؛ ئىككىنچىدىن، كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئوقۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەسىلە بار كىتابلارنىڭ بىرەرسىنىڭ چىقىپ كېتىشىگىمۇ يول قويمايمىز؛ ئۈچىنچىدىن، نەشر بۇيۇمى بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جايلاردا ئاخبارات-نەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنى جەمئىيەت نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز.

3. قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىمىز. بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «يىلتىزىنى تېپىپ، قاتتىق زەربە بېرىش» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە، كىتاب، كىچىك گېزىت-ژۇرنال، ئۈن ـ سىن بۇيۇمى قاتارلىق نەشر بۇيۇمى بازارلىرى ۋە مەتبەئەچىلىك بازارلىرىنى ئەستايىدىل ئىنقىلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، مىللىي ئۆچمەنلىك قىلىشقا ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك قىلىشقا قۇترىتىدىغان ھەر خىل ئۈن ـسىن بۇيۇملىرى، نەشر بۇيۇملىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىپ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، تاموژنا، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، دىن تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، قانۇنسىز نەشر قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر تەرغىب قىلىنغان، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇترىتىدىغان نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ھەرىكەتلىرىگە نۇقتىلىق زەربە بېرىپ، مەركەزلىك ھالدا ھەرىكەت قوللىنىش بىلەن كۈندىلىك باشقۇرۇشنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق ساھەسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 16 ـ بەتتە)

بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بۆلگۈنچىلەر مەيدانغا چىقتى، بۇنىڭ بەزىلىرى ئاتالمىش «مەشھۇر شەخسلەر»، «ئىختىساسلىقلار»، «جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە كىشىلەر». بۇلار ھەرگىزمۇ ئاددىي «ئىشسىزلار» ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بار، كاللىسىدا نۇرغۇن قورقۇنچلۇق خىياللار بار. بۇنداق كىشىلەرگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە ئارقىلىق، بىز يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇپ، بىر قىسىم تونۇشى مۇجمەل يولداشلارنى ئويغاتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان، غەمسىز ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدىغان، مەدەنىيەت سېپىدىكى خىزمەتلەرگە ئاددىي كەسپىي كۆز قارىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئەمەلدار بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايتا تەربىيە ئېلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت سېپىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كەسكىن ۋەزىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىدا بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ رەتكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەت قوشۇنى، مەدەنىيەت بازىسى، مەدەنىيەت پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، تازىلاپ، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن بالا ـ قازانى، خەتەرلىك ئەھۋاللارنى يوقىتىپ، ئاجىز ھالقىلارنى، شۇنداقلا باشقۇرۇشتا يوچۇق قالغان ۋە ئاسان مەسىلە كۆرۈلىدىغان نۇقتا، ئورۇننى تېپىپ چىقىپ، ئېھتىيات قىلىش مۇھىم نۇقتىلىرىنى بەلگىلەپ، ئادەملەرنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش، ياخشى تەربىيىلەش كېرەك؛ ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاپ، ياخشى قۇرۇش كېرەك؛ مەدەنىيەت پائالىيىتىدىكى تەرتىپسىز ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيەت سېپىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

# مۇستەھكەم مەدەنىيەت سېپىلى بەرپا قىلايلى

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى **خەن زىيۇڭ**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن بىر يۈرۈش سىياسىي ۋەقەلەر، بولۇپمۇ بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كېچىلىكىدە يۈز بەرگەن ئەكسىيەتچى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىش ۋەقەسىنى ئەسلىيدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىدىن نەپرەتلىنىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمىتىمىز ۋە باشقۇرۇشىمىزدىكى يوچۇق ۋە بىخەستەلىك تۈپەيلىدىن يامان ئادەملەر پۇرسەت تېپىپ، پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىنى قالايمىقان قىلىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بولدۇق.

بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىنى خەلقئارا چوڭ كىلىمات، شىنجاڭنىڭ كىچىك كىلىماتىدىكى ئۆزگىرىشكە باغلىغاندا، «ئۈچ كىتاب» دىن «بىر شېئىر» گىچە — «1 ـ يانۋار» سىياسىي ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىگىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىي، يەككە ـ يېگانە، ئايرىم ئەھۋال بولماستىن، بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىگە غالجىرلارچە سىڭىپ كىرىشى، ھۇجۇم قىلىشىنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى، بۇ مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىش. ئەگەر تۇرسۇنجان ئەمەت چىقمىغان تەقدىردىمۇ يەنە باشقا بۇزۇق ئۇنسۇر باشقا سورۇندا، باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىزگە جەڭ ئېلان قىلغان بولاتتى، ھۇجۇم قىلاتتى. خۇددى ۋاڭ لېچۈەن شۇجى كۆرسەتكەندەك، «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى نەرسىلەر ھەرگىزمۇ ئاددىي، يېگانە ئەمەس». «1 ـ يانۋار» ۋەقەسى بىر سىگنال، ئۇ بىزنىڭ بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارغان كۈرەشنىڭ مۇرەككەپ، ئۆتكۈر، جىددىي باسقۇچقا ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتتە تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى، يېڭى ئەھۋالى، يېڭى يۈزلىنىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى كەسكىن قارار قىلىشى ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ پائالىيەت ئىنتايىن دەل ۋاقتىدا ھەم توغرا ئېلىپ بېرىلدى.

بۆلگۈنچىلەر قارشى تەرەپتە تۇرۇپ بىزگە تەربىيە بەردى. بىزدە سەل بوشاڭلىق كۆرۈلسە، ئۇلار يوچۇق ئىزدەپ ھۇجۇم قىلىدۇ، بىز بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇتۇشىدۇ. مەدەنىيەت سېپىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈرلۈك خاتا قاراش ۋە مۇجمەل تونۇشقا قارىتا، ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ كىتابىازلىق، ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا». مەدەنىيەت ساھەسى ئىختىساسلىقلار توپلانغان ساھە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىختىساسلىقلارغا موھتاج، مەدەنىيەتنى باشقۇرىدىغان يولداشلاردا ئىختىساسلىقلارنى تونۇيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتەلەيدىغان قابىلىيەت بولۇشى، بولۇپمۇ ئۇلار كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق كۆزىتەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىشتۈرۈشى كېرەك. ئەخلاق ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك كېرەك، ئىشنىڭ سىياسىي خاھىشى، سىياسىي مەيدانىنى ئېنىق ئايرىمىغاندا، ئاسانلا ئالدىنىپ، بىر ئۇچۇم يامان كىشىلەرگە ھاماقەتلەرچە يوچۇق ھازىرلاپ بېرىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىلگىرىكى ئاچچىق ساۋاقتىن قارىغاندا، ئىدېئولوگىيە ساھەسى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ساھەسىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز

(ئاخىرى 15 ـ بەتتە)

# 15 ـ قۇرۇلتاي 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»نى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال ـ جاۋابلار

**10. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشتىكى تۈپ مەسىلە نېمە؟**

پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەرخىل ھوقۇقلارنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ۋەزىپىسى، ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى، ھوقۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھوقۇقنى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىك، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىش ـ تارتماسلىقتەك سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە توغرا مۇئامىلە قىلالىغان ـ قىلالمىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، خەلق ئۈچۈن ھوقۇقنى ياخشى تۇتۇش، ھوقۇقنى ياخشى ئىشلىتىش، پارتىيە قۇرۇشتا ئومۇمنى كۆزلەش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە خەلقنى كۆزلەشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە قويغان تۈپ تەلىپى، شۇنداقلا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ مەسىلە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، دېيىلگەن. بۇ، خەلق ئاممىسى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىنى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى خەلقتىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىگىلەپ تۇرغان بۇ ھوقۇق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە جاۋابكار بولۇشتەك سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە، مەسئۇلىيەت بىلەن مەجبۇرىيەتتىن ۋاز كەچكەندە، بۇ خىل ھوقۇقنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، ئاپەتكە ئايلىنىدۇ، ئاگاھلىق ياكى ئاگسىز ھالدا ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىش، ئاخىرىدا جىنايەت يولىغا مېڭىپ جازالىنىش كېلىپ چىقىدۇ.

**11. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى قانداق قىلغاندا كۈچەيتكىلى ۋە ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟**

پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ــ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىدىن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش تەلىپى بويىچە ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇقنى ئۇنۇملۇك چەكلىمە ئاستىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، يېڭى دەۋردە پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى قانداق قىلغاندا يەنىمۇ كۈچەيتكىلى ۋە ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟

بىرىنچى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن تەنقىد قىلىش ھوقۇقى، پاش قىلىش ھوقۇقى، ئەرز قىلىش ھوقۇقى، شىكايەت قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خاتا سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش، تەنقىد قىلىش قاتارلىقلار، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە. ھەربىر پارتىيە ئەزاسى مېيلى قانداق ۋاقىت، قانداق جايدا بولۇشىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىشى، خاتالىقلارنى دەرھال ئاشكارىلىشى، مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىشى، پارتىيە ئىچىدىكى ساغلام بولمىغان خاھىشلارغا دائىم قارشى تۇرىدىغان كۈچ شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش تەرتىپى، تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەل

مەللەشتۈرۈش، خىزمەتلەرنى ۋە ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ئەھۋالىنى قەرەللىك دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە ئىچىدىكى چەكلەش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەمدە ئۇنىڭ تارماقلىرىدىكى نازارەتچىلىك خىزمىتى پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ تارماقلىرىدا ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ئەھۋالىنى قەرەللىك دوكلات قىلىش تۈزۈمى، شۇنىڭدەك دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، رەھبىرىي كادىرلارنى باھالاش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش — پارتىيە ئىچىدىكى چەكلەش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە.

ئۈچىنچى، مەركەز ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەزىلىرى، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل كىشىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك، تىرىشچان بولۇش ئەھۋالىنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ نازارەت قىلىنىشى ۋە تەكشۈرۈلۈشى كېرەك.

تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ۋاكالەت ئورگانلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى، ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى پارتىيە پرىنسىپى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە نازارەت قىلىشنى تۈپ مەجبۇرىيەت قىلغان، نازارەتچىلىك پائالىيىتىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان سىستېمىلىق تەشكىلىي ئاپپاراتقا، نازارەت ھوقۇقىغا، تەرتىپكە، شۇنىڭدەك مەخسۇس خادىم ۋە كۆپ خىل ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلغاندا ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى نازارەتچىلىك نىزامىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش لازىم.

**12. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتىكى ئاساسلىق پرىنسىپلار نېمە؟**

1) شەخس تەشكىلگە بويسۇنىدۇ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك يۇقىرى دەرىجىلىككە بويسۇنىدۇ، پۈتۈن پارتىيە پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋە مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنىدۇ؛ 2) پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيىسىز تەشكىلاتلاردىكى پارتگۇرۇپپىلاردىن باشقىلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ؛ 3) پارتىيىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى — پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە ئۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەركىزىي كومىتېت؛ پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى — پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كومىتېتلار؛ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتايلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ؛ 4) پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ پىكرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم؛ پارتىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەم ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلاردىن يوليورۇق سورىشى ۋە ئۇلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ھەل قىلىشى لازىم؛ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىر ـ بىرى بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى، بىر ـ بىرىنى قوللىشى ۋە بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىشى لازىم؛ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىپلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك؛ 5) پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ؛ چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە كومىتېتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قارار قىلىدۇ؛ كومىتېت ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ قارارى ۋە ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆز بۇرچىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىشى كېرەك؛ 6) پارتىيە ھەرقانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى مەنئى قىلىدۇ.(06)

# پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك

ۋاڭ تيې

پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىدا: «پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چوقۇم بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ مۇھىم يەكۈندە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلى ۋە مەركىزىي ھالقىسى. ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ روشەن خاسلىقى شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقىنىڭ بەلگىسى. پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇشتا، پۈتۈن پارتىيىنى ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلەش ۋە قوراللاندۇرۇشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىدىن تەشكىلىي جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىپلا قالماستىن، ئالدى بىلەن ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق ئىلغارلىقىنى، پاكلىقىنى ۋە قۇدرەتلىك ئىجادچانلىقىنى، ئۇيۇشقاقلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ كەلدى. ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيە قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىدا گەۋدىلەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە ۋە ئىدىيىۋى ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۈرلۈك ئىستىل قۇرۇلۇشلىرىغا سىڭدۈرۈش — پۈتكۈل ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلى ۋە مەركىزىي ھالقىسى. ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتقاندىلا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشكە مۇستەھكەم، كۈچلۈك كاپالەت يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش پارتىيىنىڭ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىش، ئىلغارلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشىدىكى تۈپ تەلەپ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ماركسىزم بىلەن قوراللانغان ئاۋانگارت ئەترىتى. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش پار-

تىينىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلىشىدىكى تۈپ تەلەپ. ماركسىزم نەزەرىيىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان نەزەرىيە، ئۇ ھەرگىزمۇ تۇرغۇن ھالەتتە ئۆزگەرمەي تۇرۇۋېرىدىغان دوگما نەرسە ئەمەس. ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇشتا ئۇنى ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ پارتىيىمىزدىن جەزمەن ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئاڭلىق ھالدا ھېلىقىدەك نامۇۋاپىق قاراش، ئۇسۇل ۋە تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتىدىن، ماركسىزمغا بولغان خاتا ۋە دوگما چۈشەنچىلەردىن، سۇبيېكتىۋىزم ۋە مېتافىزىكىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن خەلق ئاممىسى ئەمەلىيەت جەريانىدا ياراتقان يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىغا ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش پارتىيىنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ جېنى، جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ، شۇنداقلا بىزنىڭ يېڭى شەيئىلەرنى تونۇش، يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش، يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىمىزدىكى ئىدىيىۋى قورالىمىز. 80 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە ئازالىرى قوشۇنىدا، ئورنى ۋە مۇھىتىدا، زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، پارتىيىمىز نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە، مۇرەككەپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ زىددىيىتى ۋە مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپقۇدەك كىتاب يوق، ئۆرنەك قىلغۇدەك تەييار تەجرىبىمۇ يوق. شۇڭا پارتىيىمىز ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن جەزمەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە ۋە ئىدىيىۋى ئىستىلدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ رېئاللىقتىكى زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتىگە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قانۇنىيىتىگە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھازىرقى جۇڭگونىڭ مەسىلىلىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن ھەل قىلىشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى، چىرىكلىشىپ، ئاينىپ كېتىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتالايدۇ.(04)

# ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش بىلەن WTO پرىنسىپلىرى

گۇشىنۋېي

دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى WTO پرىنسىپلىرى بىلەن بىردەك، شۇڭا قەتئىي تەۋرەنمەي بەلگىلەنگەن فاڭجېن بويىچە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

WTO نىڭ پۇقرادەك مۇئامىلە پرىنسىپى، كەمسىتمەسلىك پرىنسىپى، سىياسەتنى ئېنىقلاشتۇرۇش پرىنسىپى قاتارلىق بىر قانچە پرىنسىپى بار بولۇپ، بۇ پرىنسىپلاردا باراۋەرلىك، ئاشكارىلىق، ئادىللىق، رىقابەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئېلىمىزنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا، يۆنىلىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىيە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئاشكارىلىق ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش يۆنىلىش قىلىنغان، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇساپىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

بىرىنچى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن 12 ـ قۇرۇلتايىنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە نۇقتىلىق ھالدا «تۈزۈلەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە زور بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقىرىلدى؛ ئىككىنچى، 13 ـ قۇرۇلتايىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، نۇقتىلىق ھالدا توغرا لىنىيە بويىچە ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرۇش، تىك لىنىيە بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە مەمۇرىيلار تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ ئۈچىنچى، پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن 15 ـ قۇرۇلتايىنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە نۇقتىلىق ھالدا پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، رىقابەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش، ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئاۋۋال ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش، تەكشۈرۈشنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش، ئىش ئورنى كۈتۈپ تۇرۇش ۋە ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىسلاھات تەدرىجىي كېڭەيتىلدى؛ تۆتىنچى، «كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پروگراممىسى» تارقىتىلغاندىن بۇيان، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلىشىش، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

WTO پرىنسىپلىرى بويىچە ئېلىمىزنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئېلىمىزنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن WTO نىڭ پرىنسىپلىرى ئۆز ئارا بىردەك. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلغان ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، رىقابەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئېلىمىزنىڭ كادىرلار تۈزۈمىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتتىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، بىزنىڭ كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىمىزدىمۇ بىر خىل ئاشكارا، باراۋەر، ئادىل بولۇش روھى ۋە رىقابەت روھى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز پەقەت مۇشۇ يۆنىلىشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ماڭىدىغانلا بولساق، ئېلىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى جەزمەن WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى خىرىسلارغا بىر قەدەر تېز ماسلىشىپ كېتىدىغان قىلالايمىز. (04)

# خىزمەتتىكى بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم

ئىلھام ۋەلى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارار»ىدا: «ھازىر پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش ئۈچۈن، شەكىلۋازلىقنى، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىش زۆرۈر»دەپ كۆرسىتىلدى. بيۇروكراتلىقنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان رەھبىرىي كادىرلار ئاز ساندا بولسىمۇ، لېكىن، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە بولغاچقا، بيۇروكراتلىقنىڭ يامان تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، بيۇروكراتلىق قىلىنسا، خىزمەتلەرگە ئېغىر زىيان يېتىپلا قالماستىن، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا داغ تېگىدۇ.

بيۇروكراتلىقنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلىماسلىق، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزماسلىق ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بيۇروكراتلىقتىن ئىبارەت بۇ جاھىل كېسەلنى ھەقىقىي ساقايتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى جەھەتلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

**1. شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ خىزمەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلاش كېرەك**

بيۇروكراتلىقنىڭ ئىپادىسى ۋە زىيىنىنى ئاممىدىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىش؛ ئېغىزدا سۆزلەپلا قويۇپ، ئەمەلدە كۆرسىتمەسلىك؛ يۇقىرىدا تۇرۇۋېلىپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىش؛ كونىلىققا يېپىشىۋېلىپ، كونسېرۋاتىپلىق قىلىش؛ ھوقۇقنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش؛ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇپ سۆرەلمىلىك قىلىشقا ئوخشاش بۇ بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ. بيۇروكراتلىق ئىستىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئابرۇيىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، تۈگەتمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، شەكىلۋازلىق بىلەن بيۇروكراتلىقنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېنىق تونۇپ، شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىش داۋامىدا بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. شەكىلۋازلىق بىلەن بيۇروكراتلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، خىزمەتتە «ئەمەلدارلىق مەرتىۋىسى» ئېكى بويىچە ئىش قىلىش بولسا، ئۇنىڭ مەنبەسى شەخسىيەتچىلىك قىلىش، ئۆز مەنپەئەتىگە بېرىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتىن قارىغاندا، بيۇروكراتلىق شەكىلۋازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شەكىلۋازلىق بيۇروكراتلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. شۇڭا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش، خىزمەتتىكى شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىشنى بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئىستىلنى ياخشىلاپ، گەپنى ئاز، ئىشنى كۆپ قىلىپ، ئەمەلىيەتكە، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ھۆججەت دۆۋىسى، يىغىن قايىنىمىدىن قۇتۇلۇپ، بارىدى ـ كەلدى ئىشلىرىنى ئازايتىپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى ئەمەلىي ئىش قىلىشقا قارىتىشى كېرەك.

**2. نەپسانىيەتچىلىك قىلماي، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك**

ھوقۇققا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈش ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە ئۈچۈن، ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن بىر قاتتىق سىناق. دەرۋەقە، بەزىلەر بۇ سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھوقۇقنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بەزىلەر ھوقۇقنى ماڭا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر بەرگەن، دەپ قاراپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاشنى رەھبەرلەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاشقا ئۆزگەرتىۋالدى؛ يەنە بەزىلەر بولسا، ھوقۇقنى ئۆزۈم قولغا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن ئوبدان نەپ ئېلىشىم كېرەك، دەپ قاراپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، خىيانەتچىلىك قىلىپ، قانۇننى بۇزۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خەلق پۇلى ئۈچۈن خىزمەت قىـ

لىشقا ئۆزگەرتىۋالغان، ۋەھاكازالار. ھوقۇققا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستە چىڭ ساقلىغىلى، خەلقنىڭ چاكىرى بولغىلى بولىدۇ.

### 3. پۇلپەرەسلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ يېڭى دەۋرگە خاس يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجە مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش كېرەك

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئارىسىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بەزىلەر رەھبەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، رەھبەرگە ياخشى بولۇش ئۈچۈن، ھەر قانداق ئىشلارنى قىلىشتىن يانماي، نورمال بولۇپ كېلىۋاتقان يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجە مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بەزىلەر رەھبەرنىڭ «چىرايى»غا، «مۇددىئا»سىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان، ھوقۇق سودىسى قىلىدىغان بولۇپ قالدى؛ بەزىلەر نورمال خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ماددىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇپ، شەخس بىلەن تەشكىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، پۇلپەرەسلىككە قارشى تۇرۇپ، مەنىۋى روھنىڭ رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر «پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئەمما پۇل بولمىسا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس» دېيىدىغان گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ كىشىلەرنى پۇلپەرەسلىكتىن خالىي بولالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، مەنىۋى روھنىڭ رولىنى كۈچەيتىپ، «مەنىۋى روھ ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئەمما، مەنىۋى روھ بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس» دېيىدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، كادىرلار خىزمىتى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەل كويىدا قاتراش، ئەمەل تەلەپ قىلىش، ئارىغا ئادەم قويۇپ ئارقا ئىشىك قىلىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرماي، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئالماشتۇرۇش، رىقابەتلەشتۈرۈش، مۇكاپاتلاش - جازالاش جەھەتتە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش تۈزۈمنى شەكىللەندۈرۈش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتى بەرپا قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز غۇرۇرىنى ساقلايدىغان قىلىش كېرەك.

### 4. «يامۇل ئىستىلى»نى قەتئىي تۈگىتىپ ياخشى ئوبراز تىكلەش كېرەك

بەزى رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ بيۇروكراتلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى سەل قاراشقا بولمايدىغان پاكىتقا ئايلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى بيۇروكراتلىقنىڭ بىر يېڭى بەلگىسى بولۇپ قالدى. بەزى ئەمەلدارلار ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويماي، مەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشۇم كېرەك، ھەممە ئادەم مېنىڭ چاكىرىم دەپ قارىسا، يەنە بەزى ئەمەلدارلار ئۆزىنى «سادىر پالۋان» چاغلاپ، مەن بولمىسام، ئامما مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ھەممىنى مەن بەردىم دەپ قاراۋاتىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بەزىلەر ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولماي، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان يۈرۈۋاتىدۇ. مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغان، ئىش بېجىرگەن، تەدبىر بەلگىلىگەندە ئەمەلىيەتنى، ئاممىنى ئاساس قىلماي، خىيالىي پەرەزگە تايىنىپ ئىش قىلىۋاتىدۇ. رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ بيۇروكراتلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى «يامۇل ئىستىلى»نى تۈگىتىشتە. بىرىنچىدىن، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك. ئاممىنىڭ ھالىغا يېتىش، ئاممىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئامما ئويلىغان يەردىن چىقماسلىق، ئاممىنىڭ سىرداشى بولالماسلىق ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، ئامما بىلەن بار مەسلىھەتتە ئىش قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەشنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاممىغا ياخشى «باشلامچى» بولۇش لازىم. ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن، ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرۈپ، ياخشى ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىلنى تۈگىتىش لازىم. بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالمىغان رەھبىرىي كادىر ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىۋى ئىستىلنى ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن ياخشىلاش لازىم. رەھبىرىي ئورگاننىڭ بيۇروكراتلىشىشى ئەمەلىيەتتە ئىدىيىۋى ئىستىل دۇرۇس بولمىغانلىقنىڭ ئىپادىسى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى نازارەت ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتكەندىن باشقا، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قەرەللىك ھالدا بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاپ، رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مۇستەھكەم ئىدىيىۋى مۇداپىئە سېپىلى بەرپا قىلىش كېرەك. (06)

# قارايۇلغۇندىكى ئوتلۇق قەلب



ئابدۇسالام ئابلىز

قەدىمكى يۇرت قارايۇلغۇن شەرقتىن ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىدىغان يول بوغۇزىغا، دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسىگە، ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى 5 ـ تۇەن قارىمىقىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىر گەۋدىلەشكەن، ئۇيغۇرلار ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللىي مەيدان. مانا مۇشۇ ماكاندا خەلق بىلەن ھەمنەپەس، قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ، ياشلىق باھارى ۋە يۈرەك قېنىنى يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، بەخت سائادەت يارىتىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشقا سەرپ قىلىپ، ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەر بىر سۆزىدە خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەپ كېلىۋاتقان بىر ئەزىمەت بار. خەلق ئىشەنگەن، خەلقنى ئويلىغان بۇ كىشى كىم؟ ئۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ «ئاتىسى» سادىق داۋۇت. ھازىر ئۇ يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى 5 ـ تۇەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە قارا يۇلغۇن مىللىي مەيدانىنىڭ باشلىقى.

قارا يۇلغۇن مىللىي مەيدانى ئەسلىدە بىر مىللىي لىيەن بولۇپ، 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايدا رەسمىي مىللىي مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان. مۇشۇ دىيارنىڭ نېنىنى يەپ ئۆسۈپ يېتىلگەن سادىق داۋۇت 1978 ـ يىلى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، يەنە مۇشۇ يۇرتقا قايتىپ كېلىپ تېخنىك، تراكتورچى بولدى، دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە يەر تېرىدى، ئۇلارغا تېخنىكا، بىلىم ئۆگەتتى. 1985 ـ يىلى دېھقانلار ئۇنى مۇئاۋىن لىيەنجاڭلىققا سايلىۋالدى. 1986 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. 1988 ـ يىلى مەيدان قۇرۇلغاندا، سادىق داۋۇت مەيدان باشلىقلىقىغا سايلاندى.

ئۇزۇن سەپەر تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. سادىق داۋۇت بۇ نامرات يۇرتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن باشلىدى. ئەينى چاغدا سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر بولۇپ، بەزى يەرلەرگە سۇ باشلاش ئىمكانىيىتى يوق بولغاچقا، تۇپراق شورلىشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ئاپەت يۈز بېرىپ تۇراتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن خەلق غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مەبلەغ يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر كۈنى ئۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ بىر مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، موتسىكلىت بىلەن كېچىلەپ ئاقسۇغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەيداننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە پىلانىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ھەمدە ئۇنى مەيداننى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئاخىرى بۇ رەھبەر سادىق داۋۇتنىڭ جۈرئىتىگە قايىل بولۇپ، ئەتىسى مەيدانغا كەلدى. ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق سۇ قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ناچارلىقىنى بىلىپ، نەق مەيداندا 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. سادىق داۋۇت ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. سادىق داۋۇت ئامىنى

سەپەرۋەر قىلىپ، سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى توپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتتى. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئۇ ھەر تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ، ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىپ، سەككىز يىلدا جەمئىي 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتى.

قارايۇلغۇن مىللىي مەيدانى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇن بولۇپ، 3000 دىن ئارتۇق نوپۇسى، سەككىز ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، بىر ماشىنا ئەترىتى، بىر چارۋىچىلىق ئەترىتى، بىر قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەترىتى بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14 مىڭ مو. بۇنىڭدىن تېرىلغۇ كۆلىمى 8400 مونى ئىگىلەيدۇ. سادىق داۋۇت ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتى. بۇ يەردىكى خەلق ئىچىملىك سۇ ئىچىشتە ئىنتايىن قىينىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئائىلىلەرگە ۋودوپىروۋوت سۈيى يەتكۈزۈپ بەردى. 1999 يىلى يەنە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 1800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تۇرۇبىسى ياساتتى. دېھقانلار ھەر قېتىم تۇرۇبا سۈيى ئىچكەندە سادىق داۋۇتنى ئىپتىخار بىلەن تەرىپلىشىدىغان بولدى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، باغۋەنچىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش سادىق داۋۇت كۈچەپ تۇتقان خىزمەتنىڭ بىرى. ئۇ ھەر يىلى 50 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، كەڭ ئاممىنى قوزغاپ يەتتە يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، 1997 يىلى ئېتىز - ئېرىق، يول بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى 100% كە يەتكۈزۈپ، ئۆلچەملىك يېشىل سېپىل بەرپا قىلدى. مېۋە سورتلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، باغ كۆلىمىنى 2700 موغا يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەرپا قىلىنغان ئەلا سورتلۇق ئۆرۈكلۈك باغ 700 موغا، قىزىل پوستلۇق ئالمىلىق (خۇڭفۇشى) باغ 2000 موغا يەتتى.

سادىق داۋۇت دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە نوقۇل پىلان چۈشۈرمەي، دېھقانلارنى بازار ئۇچۇرىغا ئاساسەن، ھەر يىلى زىرائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە يېتەكلىدى. مەھسۇلاتنى ئۇنۇمنى ئاشۇرۇشتا تېخنىك كۈچىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، مەيدان مالىيىسىدىن 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 1995 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن 20 دېھقاننى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئەۋەتىپ، ئىككى يىلدىن تەربىيىلىدى. ھازىر ئۇلار ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ تايانچ كۈچلىرىدىن بولۇپ قالدى. كېۋەز كۆلىمىنىڭ كۆپىيىشى، ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە، 1995 - يىلى سادىق داۋۇت 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، مەيداندا پاختا زاۋۇتى ۋە چىگىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇپ چىقتى. مەيداننىڭ ئىگىلىكى يىلمۇ يىل ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىراق «خۇشاللىقنىڭ يىغىسى بار» دېگەندەك، 1993 - يىلى 7 - ئايدا 2700 مو يەردىكى كېۋەز مۆلدۈر ئاپىتىدە بىراقلا نابۇت بولدى. دېھقانلار يىغلىدى، سادىق داۋۇتمۇ تەڭ ياش تۆكتى. لېكىن، كۆز يېشى بىلەن ئىش تۈگىمەيتتى. سادىق داۋۇت بۇ يەرلەرگە تېزلىك بىلەن قوناق تېرىتتى. لېكىن قارا يۇلغۇننىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولغاچقا، بۇ خىل قوناق سورتى بۇ يەرنىڭ تۇپرىقىغا ماس كەلمەي، قوناق پىشمىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ سادىق داۋۇت ئۇزاق ئويلاندى، باشقا رەھبەرلەر بىلەن پىكىرلەشتى، كېچىلىرىمۇ كىرپىك قاقماي «دېھقانلار ئەمدى زىيان تارتسا ئاسانلىقچە ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. شۇڭا چارە ئىزدەپ ئۇلارنى زىياندىن ساقلاپ قېلىش كېرەك» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەيداندا جىددىي يىغىن ئېچىپ، قوناقنى يۇلۇپ تاشلاشنى، بېشىنى مەيداندىن سېتىۋېلىپ، شادىسىنى يېشىل ئوغۇت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىنلا غۇلجىدىن 150 تۇياق كالا سېتىۋېلىپ، قوناقنى يەم - خەشەك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارمۇ، مەيدانمۇ زىيان تارتمىدى. شۇ يىلى مەيدان دېھقانلارغا 50 توننا ئۇن تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ قىشلىق ئاشلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. دېھقانلار زىيانغا ئۇچرىمىغاچقا كېيىنكى يىلى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئالدى. سادىق داۋۇت 2000 - يىلى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچ كەلدى. چۈنكى، ئەتىيازدا مەيداندا قاتتىق قار - شىۋىرغان ئاپىتى يۈز بەردى. 5 - ئايدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، زىرائەتلەر ئاپەتتە ۋەيران بولدى. كىشى بېشى كىرىمى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ، 330 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. بىراق ئۇ ئاپەت ئالدىدا تېڭىرقاپ قالمىدى.

بىر تەرەپتىن، ئاممىنى ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرى تۆۋەننىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ھەر بىر مو يەرگە بىر خالتىدىن ئۇن توغرىلاپ، مەيدان بويىچە 250 مىڭ يۈەنلىك ئۇن تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قىشتىن بىخەتەر ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ يۇقىرىنىڭ ياردىمىدە مەيدانغا 200 ئائىلىلىك خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بەردى. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ھەل قىلىشقا بىۋاستە ئارىلىشىپ، تېرىلغۇنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 2001 ـ يىلى كىشى بېشى كىرىمى 1673 يۈەنگە، ئەمگەك كۈچى كىرىمى 3737 يۈەنگە يەتتى.

چارۋىچىلىق ــ مىللىي مەيداننىڭ ئەنئەنىۋى شۇنداقلا باشلامچى كەسپى. سادىق داۋۇت ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا چارۋىچىلىقنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ بۆسۈش نۇقتىسى قىلدى ھەمدە ھەممە ئائىلىدە بىر نەچچە تۇياقتىن چارۋا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1988 ـ يىلى مەيدان بويىچە چارۋا سانى ئاران 1200 تۇياقتىن ئاشاتتى. 2001 ـ يىلى كوللېكتىپنىڭ چارۋىسى 3000 تۇياقتىن، شەخسلەرنىڭ چارۋىسى 8000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. سادىق داۋۇت مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن ئېتىبارەن، بىز ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ھەل قىلىپ، ھەر بىر ئائىلىدە ئىككى تۇياقتىن سېغىن ئىنەك بولۇش، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بەزى ئائىلىلەردە 50 تىن يۇقىرى كالا بېقىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىمىز. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئوت ـ چۆپ تېرىپ، يەم ـ خەشەك مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، مەيداندا كۆلەملىك باقمىچىلىق بازىسى بەرپا قىلىمىز.

سادىق داۋۇت خىزمەتتە ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مەيداندىكى مەكتەپنىڭ تاملىرى كونىراپ، خەتەرلىك ئەھۋالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ يۇقىرى تۆۋەنگە قاتراپ، 2000 ـ يىلى جەمئىي 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، كۆلىمى 2260 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك مەكتەپ سالدۇردى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىناغا كۆچۈپ كىرگەندە سادىق داۋۇتنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

«ئىگە چاقىسىز، يېتىم ـ يېسىرلارغىمۇ تۇرىدىغان ماكان، يەيدىغان تاماق بولۇشى كېرەك!» مانا بۇ سادىق داۋۇت ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز. ئۇ 1997 ـ يىلى مەيداندا بىر «بەخت» ساناتورىيىسى سالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن يېتىم ـ يېسىرلار، ئاجىز ـ يورۇقلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسى بار بولدى.

مىللىي مەيدان 5 ـ تۈەننىڭ لىيەن دۈيلىرى بىلەن چېگرىداش ئىدى. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. سادىق داۋۇت بارغانلا يېرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ تۇردى. خەنزۇ دېھقانلار كۆكتاتلىرىنى سۇغۇرالماي، كۆكتاتلار قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، سۇ ھەل قىلىپ بەردى. كۈزدە خەنزۇ دېھقانلار قۇلماق تېرىغاندا، ئۇ ئۇيغۇر دېھقانلارنى باشلاپ بېرىپ ياردەملەشتى. خەنزۇ دېھقانلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ زىرائەت ئۆستۈرۈش، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەملەشتى. 1 ـ دېۋىزىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى بىر قانچە يىل ئىچىدە مەيدانغا 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ياردەم قىلدى.

سادىق داۋۇت يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى بىلەن تەشكىل ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ھەم ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دېۋىزىيىسىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەندى. ئۇ جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، قەلبى ھاياجان تۇيغۇسىغا چۆمدى، ۋۇجۇدى تىترىدى. ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدەك بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىغا بۇنداق زور، كاتتا شان ـ شەرەپ ئاتا قىلغانلىقىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى.(04)

# رەھبەرىي كادىرلار نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك

ئازاتجان ئىبراھىم

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، ئىقتىدارلىق بىر تۈركۈم رەھبەرىي كادىرلار يېتىشىپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆز خىزمىتىنى ئادىل، توغرا، پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئىشلەپ، ئۆزلىرىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، پارتىيە يۈكلىگەن رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئورۇنداپ، ئاممىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولدى. لېكىن يەنە بىر قىسىم رەھبەرىي كادىرلار ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان سېلىپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىپ، باشقىلارغا زەربە بېرىپ، باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىپ، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكى، ئومۇمنىڭ پۇلىغا ئىسراپچىلىق قىلىپ، ھەشەمەتچىلىك، سۈلەتۋازلىققا بېرىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاققا يات ئىشلارنى قىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىماقتا. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل، توغرا ئىجرا قىلىپ، ئۆزلىرىگە ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇشى لازىم. رەھبەرىي كادىرلار تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

**1. ئۆزلىرىدە مەلۇم ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش لازىم.** بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ كېتەلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىقتىدار مەسىلىسى ئاساسلىقى، رەھبەر بولغۇچىنىڭ باشقۇرۇش، تەشكىللەش، تەدبىر بەلگىلەش، ئىجرا قىلىش، تەربىيىلەش، سۆزلەش - يېزىش، پىكىر قىلىش، تەھلىل قىلىش، يەكۈن چىقىرىش، ئادەم ۋە مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە سىياسىي نەزەرىيە، قانۇن - ئىنتىزام، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، رەھبەرىي كادىرلار مۇشۇنداق جەھەتلەردە ئىقتىدار يېتىلدۈرگەندە، ئاندىن رەھبەرلىك سەنئىتىنى ياخشىلاپ، ئاممىنىڭ ياخشى رەھبىرى بولالايدۇ.

**2. كادىرلارغا توغرا باھا بېرىش كېرەك.** رەھبەرىي كادىرلار قول ئاستىدىكى كادىرلارنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىپ، ئۇلارغا توغرا باھا بېرىشى لازىم. كادىرلارغا باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، خىزمەت ئۈنۈمى، سىياسىي، كەسپىي ساپاسى، يولداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ، شۇ بويىچە ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ پىكرى بىلەن خاتا باھا بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كادىرلارنى ئاسراش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**3. ئۆچ ئالماسلىق لازىم.** رەھبەرىي كادىرلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكىلەردىن ئۆچ ئالماسلىقى لازىم. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئارىمىزدىكى بىر قىسىم رەھبەرىي كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىش بىلەنلا بۇرۇن ئۆزى بىلەن بىرىپىكىردە بولمىغان ياكى ئارىدا زىددىيەتلىشىپ قالغان يولداشلاردىن ئۆچ ئالىدىغان، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارغا بېسىم قىلىدىغان، خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىدىغان ياكى يۆتكىۋېتىدىغان، پۇرسەت تاپسىلا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، خىزمىتىدىن سەۋەنلىك ئىزدەپ، كۆڭۈل ئازادە خىزمەت

ئىشلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆچىنى ئالىدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار مۇشۇنداق قىلمىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئاممىغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. شەخسىي ئاداۋەتنى خىزمەت ئۈستىگە دەسسىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

**4. ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق لازىم.** رەھبىرىي كادىرلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاددىي ــ ساددا، كەمتەر، سەممىي، ئوچۇق ــ يورۇق بولۇشى، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقى لازىم. بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، قول ئاستىدىكىلەرگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدىغان ئەھۋاللارنى سادىر قىلىدۇ. تۆۋەندىن ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ كەلسە ئۇنى ۋاقتىدا ھەل قىلمايدۇ، ھەتتا تۆۋەننىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىمايدۇ. ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىپ، توي ــ تۆكۈن، نەزىر ــ چىراغ ئىشلىرىنى ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە زات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى رەھبىرىي كادىرلارغا خاس خىسلەتلەر ئەمەس. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىدە مۇشۇنداق ئىللەتلەر بولسا، ئۇنى قەتئىي تۈگىتىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پاك ــ دىيانەتلىك بولۇپ، ئامما يىغلىغانغا يىغلاپ، كۈلگەنگە كۈلۈپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىپ، ھەشەمەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىكتىن خالىي بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئامما ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئامما ياقتۇرىدىغان ياخشى رەھبەر بولالايدۇ.

**5. گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرماسلىق كېرەك.** بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ئۇرۇق ــ تۇغقان ۋە ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ گۇرۇھۋازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يەنە بىر قىسىملىرى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، ئەتراپىغا ئۆز يېقىنلىرىنى يىغىپ، كادىر قوبۇل قىلىش، بىلىم ئاشۇرۇش، خىزمەت تەقسىماتى، ئەمەلىنى، مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنۋان باھالاش، مۇكاپاتلاش قاتارلىقلاردا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقان، دوست ــ بۇرادەرلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ، باشقىلارنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئەمما تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلماي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلار ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، نورمال خىزمەتكىمۇ ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار قول ئاستىدىكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى، گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىكتىن ساقلىنىپ، ھەممە ئادەم بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**6. خىيانەت قىلىش ۋە پارا ئېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.** رەھبىرىي كادىرلار ھەر ۋاقىت پاك ــ دىيانەتلىك بولۇشى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىش ۋە پارا ئېلىشتەك قىلمىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. بىزنىڭ كۆپلىگەن رەھبىرىي كادىرلىرىمىز پاك ــ دىيانەتلىك بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىپ، دۆلەت ۋە خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق قىلمىشلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ جازاغا تارتىلماقتا. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار ھەر ۋاقىت ئۆزىگە ئىنتايىن سەگەك بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، مەردانە قەدەم بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە يۈكلىگەن رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن ھارماي ــ تالماي كۈرەش قىلىشى، چىرىكلىكتىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دۆلەتنىڭ قانۇن ــ پەرمانلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە پاك ــ دىيانەتلىك، قابىلىيەتلىك، ئىسلاھات روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈپ چىقىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (05)

# ئاساسلىق رەھبەرلەر «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم

ئەخمەت ئىسمائىل

يېزا (بازار)لىق پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مۇھىم مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بۇ كادىرلارغا تايىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ كادىرلارنىڭ قانداق قىلىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش — پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. شۇڭا «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسلىق رەھبەر ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئاساسلىق رەھبەر ۋە رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئىستىلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بۇ كادىرلار ئامما بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلغاچقا، ئاممىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار پارتىيىنىڭ سىمۋولى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. كومپارتىيىنىڭ قانداقلىقىنى، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى بەگ - تۆرىلەر بىلەن قانداق پەرقى بارلىقىنى پۇقرالار يەرلىكتىكى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلاردىن ھېس قىلالايدۇ ۋە ئۇلارغا قاراپ باھا بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۈلگە بولۇشى لازىم.

يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىزنىڭ يېڭى خىرىس ۋە سىناققا بەرداشلىق بېرەلىشى ياكى بېرەلمەسلىكى، خەلققە باشلامچى بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشى ياكى ئىلگىرىلىيەلمەسلىكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قانچىلىك ھۆججەت تارقاتقانلىقىغا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى دەل جايىدا، ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ياكى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەسلىكىگە باغلىق، ئەگەر ئەمەلىيلەشتۈرەلمىسە پارتىيە ئاممىنىڭ ئىشەنچىدىن قېپقالىدۇ. قىسقىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا رەھبىرىي كادىرلارغا باغلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلى، ئاساسلىق رەھبەرنىڭ ئۈلگىلىك رولى بىر خىل ئۈنسىز كۈچ بولۇپ، تەسىر كۈچى غايەت زور بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە سۆز - ھەرىكىتى بىردەك بولۇپ، ياخشى ئوبراز تىكلەپ، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، رەھبەرلىك بەنزىسىگە، قوشۇنغا ياخشى باشلامچى بولۇپ، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئىدارىسى، يېزا - بازارلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. شۇڭا يېزا (بازار)لىق پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى: بىرىنچىدىن، غايە ۋە ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى؛ ئۈچىنچىدىن، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى؛ تۆتىنچىدىن، ياخشى ئىستىل بولۇشى؛ بەشىنچىدىن، پاك، ئىنتىزامچان بولۇشى لازىم. (06)

# تەرمىلەر

## بۇ يىل نۇقتىلىق ئىشلىنىدىغان سەككىز تۈرلۈك خىزمەت

1. ئىچكى تەلەپنى ئاشۇرۇپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئىگىلىكنىڭ تېزرەك ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

2. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش.

3. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش.

4. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقان يېڭى ۋەزىيەتكە يارىشا، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش.

5. بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن رەتكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش.

6. دۆلەتنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

7. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

8. دىپلوماتىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش.

## ئېلىمىز تەدبىر قوللىنىپ رىقابەت كۈچىدىن قالغان كارخانىلارنى بازاردىن چېكىندۈرىدىكەن

دۆلەتلىك ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۆتكەن يىلى ئېلىمىز 50 مىليارد يۈەنلىك تولىنىپ قالغان بانكا قەرزىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، بۇ رىقابەت كۈچىدىن قالغان كارخانىلارنى بازاردىن چېكىندۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر ئىكەن.

ئۆتكەن يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە تاماملانغان تۈر 237 بولۇپ، 20 مىليارد 700 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، كۆمۈر، ھەربىي سانائەت، رەڭلىك مېتال قاتارلىق جەمئەتلەردىكى رىقابەت كۈچىدىن قالغان كارخانىلارنى ۋەيران قىلىش، تاقاش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ھازىرغىچە كۆمۈرچىلىك كەسپىدىكى 60 كارخانا ۋەيران قىلىنىپ تاقىلىپ، 2 مىليارد يۈەنلىك زىياننىڭ ئالدى ئېلىنغان.

بېيجىڭ «تەشۋىقات قوللانمىسى»دىن

## بىر قىسىم كارخانىلاردا پايدا ئەمەلىي بولماسلىق، ساختا ھېسابات تۇرغۇزۇش ھادىسىلىرى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن

مالىيە ـ ئىقتىساد مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان بوغالتىرلىق ئۇچۇرى سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە مال ـ مۈلۈك ۋە پايدا ئەمەلىي بولماسلىق، ساختا ھېسابات تۇرغۇزۇش ھادىسىلىرى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن.

يېقىندا، جۇڭگو مالىيە، ئىقتىساد مىنىستىرلىكى دورا، تۇ ـ قۇمچىلىق، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، مېتاللورگىيە، نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كەسپلەردىكى 320 كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ھەمدە بۇ ئورۇنلارنىڭ يىللىق بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى مۇيەنتىش قىلىش دوكلاتىدىكى 125 بوغالتىرلىق ئىشلىرى ئورنىنى ئارىلاپ تەكشۈرگەن، نەتىجىدە 7 مىليارد 375 مىليون يۈەنلىك مال ـ مۈلۈك، 3 مىليارد 511 مىليون يۈەن پايدا ئەمەلىي بولمىغانلىقى ئېنىقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك بىلەن پايدىنىڭ ئەمەلىي بولماسلىق نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 1% تىن يۇقىرى ۋە 10% تىن يۇقىرى بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ 50% تىنى ۋە 57 % تىنى ئىگىلىگەن.

بېيجىڭ «تەشۋىقات قوللانمىسى»دىن

## بەدىنىڭىزدە قايسى ۋىتامىنلارنىڭ كەملىكىنى بىلەمسىز؟

1. ۋىتامىن A كەم بولسا تېرە قۇرغاقلىشىپ يىرىكلىشىش، كۆز قۇرغاقلىشىش سىېزىمى بولۇش ۋە نۇردىن قورقۇش، ياشاڭ ـ

غىراش، كۆز تورلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

2. ۋىتامىن $B_1$ كەم بولسا ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناچارلىشىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، بەزىدە پۇت ـ قوللار كۆيۈشۈش، كۆپ قوزغىلىدىغان نېرۋا ياللۇغى، پۇت ـ قول تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

3. ۋىتامىن $B_2$ كەم بولسا ئېغىز پۈراش، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىش، روھىي كەيپىياتى ناچارلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

4. ۋىتامىن $B_{12}$ كەم بولسا تېرە ئاقىرىش، چاچ ـ تۈكلەر شالاڭلىشىش، روھسىزلىنىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

5. ۋىتامىن D كەم بولسا باش كۆپ تەرلەيدۇ.

## مۇخبىرنىڭ بارلىققا كېلىشى

16 ـ ئەسىردە، ۋېنېتسىيە ياۋروپانىڭ ئىقتىسادمەركىزى بولۇپ، سودىگەرچىلىك تولىمۇ تەرەققىي قىلغان، شۇڭا ھەرقايسى ئەللەر سودىگەرلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بەزى كىشىلەر مەخسۇس سىياسىي ۋەقەلەر، مال باھاسى، بازار ئەھۋالى، كېمە ـ پاراخوتلارنىڭ يولغا چىقىش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر خەۋەرلەرنى توپلاپ، يېڭى خەۋەر يېزىپ، گېزىت قىلىپ بېسىپ ئاشكارا ساتىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، يېڭى خەۋەر مۇخبىرى، گېزىت مۇخبىرى دەپ ئاتىشىدىغان بولغان. دېمەك مەخسۇس يېڭى خەۋەر توپلاش يولى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر دۇنيادا ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن كەسپىي مۇخبىرلاردۇر.

## دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى بەش يىلدا قانداق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ؟

دۇنيا بانكىسىنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى بەش يىلدا جۇڭگونىڭ دۇنيا سودىسىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى نۆۋەتتىكى 4.5% تىن 6.2% كە كۆتۈرۈلىدىكەن. GDP 0.5% ـ 2% ئاشىدىكەن. خەلق پۇلىنىڭ كۈچى ئېشىپ خەلقئارادا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇلغا ئايلىنىشى مۇمكىنكەن.

مۆلچەرلىنىشىچە، جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى بەش يىلدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىكى يەنىلا «كىچىك يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي» ھالىتىنى ساقلىغاچقا نىسبەتەن چوڭراق بېسىمغا ئۇچرايدىكەن، جۇڭگو بازىرىدا چەت ئەل يېزا ئىگىلىك تاۋارلىرى تەخمىنەن 5% نى ئىگىلەيدىكەن. جۇڭگو سانائەت كارخانىلىرىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچراپ بىر قىسىم ئىشچىلارنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش خەۋپى كۆرۈلۈشى مۇمكىنكەن.

«شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى»دىن

## دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئون ئالىي بىلىم يۇرتى

1. ئامېرىكا ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى
2. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى
3. ئامېرىكا ماساچۇسېتس سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى
4. ئامېرىكا بېركلىي ـ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى
5. ئامېرىكا پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى
6. ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى
7. ئامېرىكا يالې ئۇنىۋېرسىتېتى
8. ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى
9. ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى
10. گېرمانىيە ميۇنخېن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى

## جۇڭگودا شەھەر ئاھالىسى 370 مىليونغا يەتتى

مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگودا شەھەرلەر 668 گە يەتكەن بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى 376 مىليونغا يېقىنلاشقان، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى 30.9% كە يەتكەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 0.5% پونكىت يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

«ئالاھىدە رايون پارتىيە تۇرمۇشى»دىن

# نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردا پارتىيە ئىستىلىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش زۆرۈر

مۇھەممەت توختى

پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئۇزۇل-كېسىل ئېلىپ بېرىش — پارتىيىمىزنىڭ مۇقەددەس ئىرادىسى. جۈملىدىن، نۆۋەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىن ئەڭ كۆپ تەكىتلەۋاتقان، ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما «قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە قارىتا، بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى تازا ئېنىق ئەمەس؛ بولۇپمۇ نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا بىر قاتار خاتا تونۇشلار ساقلىنىپ كەلمەكتە. بەزىلەر نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردا چىرىكلىك ئىللەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرت-شارائىتى يوق، بار دېگەندىمۇ تەرەققىي قىلغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە مەسىلە ئەمەس، شۇڭا بەك تەكىتلەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئانچە-مۇنچە يەپ-ئىچىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش نورمال ئەھۋال، ئۇ نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينايدۇ، شۇڭا نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردا پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشتا بەك زىغىرلاپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئېنىقكى، بۇ خىل قاراشلار ئىنتايىن خاتا ھەم خەتەرلىك. ئۇ، بىزنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش-بولماسلىقى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە ساھەدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە:

بىرىنچى، نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان بولغاچقا تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى، جۈملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش، قوشۇۋېتىش سالمىقى نىسبەتەن ئېغىر، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچىلارنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق. نامراتلىق ۋە قالاقلىق ئىچىدىكى خەلق ئاممىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ياخشى رەھبەرلىك قىلىپ، تەرەققىيات يوللىرىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر رەھبىرىي كادىرلار مۇشۇنداق شارائىتتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرىنىڭ ئەكسىچە چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ئىسراپچىلىق قىلسا، خەلقنىڭ قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن ئازغىنە ئىقتىسادىنىمۇ بۇزۇپ چېچىۋەتسە، مۇقەررەركى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ھەتتا خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك رولى ئاجىزلايدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى بۇزۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولمىسا، مۇقىم سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىسا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولمايدۇ، تەرەققىيات بولمايدۇ. ئۇنداقتا نامراتلىقنى قانداقمۇ تۈگەتكىلى

بولىدۇ؟!

ئىككىنچى، ئادەتتە، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى چىرىكلىك دېلولىرىدىكى قارا «مەبلەغ»نىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. ئەمما شۇنى بېلىش كېرەككى، قارا «مەبلەغ»نىڭ سانى مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ھەممىسىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش. دۆلىتىمىزدە نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي قىسىم رايونلىرىغا جايلاشقان. نۆۋەتتە، غەربىي قىسىم رايونلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، گۈللەندۈرۈش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ رايونلارغا سالىدىغان مەبلىغىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. يەنە كېلىپ يەرلىك ئورگانلارنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىرادىسىمۇ كۈچلۈك، سالغان مەبلىغىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مۇشۇنداق شارائىتتا ئەگەر پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى «كىچىك ئىشلار»دىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ تۈزەتمىسەك، تەدرىجىي يامراپ «چوڭ ئىشلار»غا ئايلىنىشى ھەتتا پۈتۈن جەمئىيەتكە يامراپ كېتىشى مۇمكىن. «كۆزگە ئىلىنمىغان تىكەن پۇتقا سانجىلىدۇ.» غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ساغلام، ئۇتۇقلۇق ئالغا سىلجىتىش ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى باشقا رايونلارغا ئوخشاشلا چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، ھازىرقى جۇڭگو ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو. بېكىنمىچىلىكنىڭ ھېچقانداق ئىستىقبالى يوق. نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ نۇقتىنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدى. نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، نوقۇل بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت «قاتتىق شەرت» بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چوقۇم تىنچ ـ مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىلغار مەدەنىيەت مۇھىتى، تۈزۈملەشكەن، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىدىغان ئىجادچان، جانلىق رەھبەرلىك سىستېمىسىدىن تەركىب تاپقان «يۇمشاق شەرت»مۇ ھازىرلانغان بولۇشى شەرت. ۋەھالەنكى، سەرخىل رەھبەرلىك سىستېمىسى «يۇمشاق شەرت»نى بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئەگەر مەبلەغ سالغۇچى چىرىك، ئىقتىدارسىز، پەقەت ناتوغرا مۇناسىۋەتكە تايىنىپلا جان باقىدىغان رەھبەرلىك بەنزىنگە دۇچ كەلسە، ئېنىقكى بۇ جاينىڭ بايلىقى قانچىلىك مول بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېچكىم مەبلەغ سالمايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تاشقى مەبلەغ تەرەققىياتنىڭ مۇھىم تاشقى شەرتىگە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى چىڭ تۇتۇلمىسا نامراتلىقنى تۈگىتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، نامراتلىق سوتسىيالىزم ھېسابلانمايدۇ. ۋەھالەنكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ. پارتىيىمىز ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە. چىرىكلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، ھوقۇقپەرەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى كادىرلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياخشى كادىرلار. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىز پەقەت ئىدىيىۋى قاتماللىقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيىمىزنى پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ، نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، زۆرۈرلۈكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلىسەكلا نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ رەھبەرلىك سىستېمىسىنى ھەقىقىي جەڭگىۋار، پاك، زامانىۋى رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز. (05)

# بىمارلار قانداق هوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ؟

ئېلىمىزنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدا بىمارلارنىڭ هوقۇقى توغرىسىدا نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر بار. بۇ هوقۇقلارنى بىلىش بىمارنىڭ دوختۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**داۋالىنىش كاپالىتى هوقۇقى:** ئېلىمىز «ئاساسىي قانۇن»ىنىڭ 54 - ماددىسىدا پۇقرالار قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاندا، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىن ماددىي ياردەم ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. پۇقرالار ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرغا كۆرۈنگەندە، نومۇر ئالغاندىن ئارتىپلا دوختۇرخانا بىلەن توختام مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولىدۇ. بىمار ئالاھىدە بەلگىلەنگەن داۋالىنىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، مۇشۇ دوختۇرخانىدىن داۋالىنىش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**ساغلام ياشاش هوقۇقى:** ئېلىمىز «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ 98 - ماددىسىدا پۇقرالار ساغلام ياشاش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، پۇقرالارنى هاياتى ۋە ساغلاملىقتىن خالىغانچە مەھرۇم قالدۇرۇشىغا بولمايدۇ. بىمار ئۆز تېنىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئورگانىزمىنىڭ نورمال ئىقتىدارىنى قوغداش هوقۇقىغا ئىگە.

**ھۆرمەتلىنىش هوقۇقى:** «كەسپىي دوختۇرلار قانۇنى»نىڭ 22 - ماددىسىدا، دوختۇرلار دوختۇرلۇق پائالىيىتىدە بىمارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ئاسرىشى ۋە ھۆرمەتلىشى، ئۇلارنىڭ مەخپىيىتىنى قوغدىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. بۇ، بىمار داۋالاش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلغاندا، يېشى، كېسىلى، ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن كەمسىتىلىش ياكى نامۇۋاپىق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا بولمايدىغانلىقىنى؛ بىمار ھۆرمەتلىنىش هوقۇقىغا ئىگىلىكى، ئۇنىڭ مەخپىيىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى، دوختۇر ۋە باشقا نېببىي خادىملارنىڭ بىمار ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاشكارىلىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**ئەھۋالنى بىلدۈرۈشكە قوشۇلۇش هوقۇقى:** «كەسپىي دوختۇرلار قانۇنى»نىڭ 26 - ماددىسىدا، دوختۇر بىمار ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كېسەل ئەھۋالىنى ئەينەن تونۇشتۇرۇشى، ئەمما بىمارغا پايدىسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. دوختۇر تەجرىبە خاراكتېرىدىكى كلىنىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بارماقچى بولغاندا، دوختۇرخانىغا تەستىقلىتىشى ھەمدە بىمار ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. «داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 32 - ماددىسىدا، داۋالاش ئورۇنلىرى ئوپېراتسىيە، ئالاھىدە تەكشۈرۈش ياكى ئالاھىدە داۋالاش ئېلىپ بارماقچى بولغاندا، بىمار ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى ئالاقىدار كىشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئىمزاسىنى قويدۇرۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلىگەن.

**تۆلەمگە ئېرىشىش هوقۇقى:** ئېلىمىز «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ 119 - ماددىسىدا، پۇقرالارنىڭ تېنىنى زەخىملەندۈرگەنلەر داۋالىنىش راسخوتى، ئىشقا چىقالماي ئازىيىپ كەتكەن دارامىتى، مېيىپ بولغۇچىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش راسخوتلارنى تۆلىشى كېرەك؛ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغانلار ئۆلگۈچىنىڭ دەپنە پۇلى، ئۆلگۈچى هايات ۋاقتىدا بېقىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش خىراجىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش راسخوتلارنى بېرىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. «داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نىڭ 18 - ماددىسىدا، داۋالاش ھادىسىسى دەپ بېكىتىلگەن بولسا، ھادىسىنىڭ دەرىجىسى، ۋەقەلىكى ۋە بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىر قېتىملىق ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىشكە بولىدۇ. داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى داۋالاش جەريانىدا سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن جىسمانىي زەخىملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، بىمار زىياننى تۆلىتىۋېلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

# دەۋالاشسىڭىز سوتقا قانچىلىك ھەق تاپشۇرىسىز؟

**ئىقتىسادىي دېلولاردا:** ئىقتىسادىي دېلولاردا تاپشۇرۇلىدىغان ھەق ئىككى تەرەپ تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان باھا سوممىسى ياكى ئومۇمىي سومما بويىچە ھېسابلىنىدۇ، ئومۇمىي پرىنسىپى — تالاش ـ تارتىش قىلىنغان نىشان قانچە چوڭ بولسا، تاپشۇرىدىغان ھەقنىڭ پىرسەنتى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. 1000 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر دېلوغا 50 يۈەن تاپشۇرۇلىدۇ؛ 1000 يۈەندىن 50 مىڭ يۈەنگىچە بولسا، شۇ پۇلنىڭ 4%ى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ؛ 50 مىڭ يۈەندىن 100مىڭ يۈەنگىچە بولسا، شۇ پۇلنىڭ 3%ى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ؛ 100 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگىچە بولسا، شۇ پۇلنىڭ 2%ى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ؛ 200 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە بولسا، شۇ پۇلنىڭ 1.5%ى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ؛ 500 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە بولسا، شۇ پۇلنىڭ 1%ى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ؛ 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولسا، شۇ پۇلنىڭ 0.5%ى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ.

**ۋەيران بولۇش دېلوسىدا:** ۋەيران بولغان كارخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئىقتىسادىي دېلونىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

**پاتېنت ھوقۇقى، ئەسەر ھوقۇقى، تاۋار ماركىسى ھوقۇقى دېلولىرىدا:** ھەر بىر دېلوغا 50 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ . تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان سوممىسى بولسا، ئىقتىسادىي دېلونىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ.

**ئەمگەك تالاش ـ تارتىشى دېلولىرىدا:** ھەر بىر دېلوغا 30 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

**ھەق تەلەپ دېلولىرىدا:** نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدا، مال ـ مۈلۈك 10 مىڭ يۈەننىڭ ئىچىدە ئايرىلغان بولسا، ھەر بىر دېلوغا 10 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ. مال ـ مۈلۈك 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى ئايرىلغان بولسا، شۇ مۈلۈك قىممىتىنىڭ 1%ى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ؛ ئىسىم ـ فامىلە ھوقۇقى، نام ـ شۆھرەت ھوقۇقى، نام ھوقۇقى دېلولىرىدا ھەر بىر دېلوغا 50 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

**مەمۇرىي دېلولاردا:** ئامانلىق ساقلاش مەمۇرىي دېلولىرىدا ھەر بىر دېلوغا بەش يۈەندىن 30 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ پاتېنت دېلولىرىدا ھەر بىر دېلوغا 50 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ باشقا مەمۇرىي تالاش ـ تارتىش دېلولىرىدا ھەر بىر دېلوغا 30 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان سوممىسى بولسا، ئىقتىسادىي دېلونىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

**ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلولىرىدا:** ئىجرا سوممىسى ياكى باھا سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر دېلوغا 50 يۈەن تاپشۇرۇلىدۇ؛ 10 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە بولسا، شۇ پۇلنىڭ 0.5%ى بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتسە، شۇ پۇلنىڭ 1%ى بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

**نارازىلىق ئەرزى بېرىش دېلولىرىدا:** نارازىلىق ئەرزى بەرگۈچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزنامىسى سۇنغاندا پۇلنى ئالدىن تاپشۇرىدۇ، ئىككىلا تەرەپنىڭ دەۋاگەرلىرى نارازىلىق ئەرزى بەرسە، ئىككى تەرەپ ئايرىم ـ ئايرىم تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھەققى بىرىنچى سوت دېلوسىدا ئېلىنغان ھەق ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**دەۋادا ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلىش دېلولىرىدا:** ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ سوممىسى ياكى قىممىتى 1000 يۈەننىڭ ئىچىدە بولسا، ھەر بىر دېلوغا 30 يۈەن تاپشۇرۇلىدۇ؛ 1000 يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە بولغان قىسمىغا 1% بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقان قىسمىغا 0.5% بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.(05)

**تەلئەت ئىسلام (ت)**

## قەيسەر هامىدىن ئۆز خىراجىتى بىلەن 37 خىل گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدى



مارالبېشى ناھىيىسى دۆلەتباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ تەشۋىقات كادىرى قەيسەر هامىدىن 2000 ـ يىلى ئۆز يېنىدىن 830 يۇەن چىقىرىپ، 2001 ـ يىللىق 19 خىل گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغانىدى. 2001 ـ يىلى ئۇ يەنە 1480 يۇەن خەجلەپ 2002 ـ يىللىق 19 خىل گېزىت، 18 خىل ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسى بويىچە گېزىت ـ ژۇرنالغا ئەڭ كۆپ مۇشتەرى بولغان، ئەڭ كۆپ خىراجەت چىقارغان شەخسكە ئايلاندى.

**ئەنۋەر خىزمەت**

## ئابدۇللا ھەمدۇللا ئۆز يۇرتىدا خەنزۇ تىلى كۇرسى ئېچىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى

ئابدۇللا ھەمدۇللا يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن 2002 ـ يىللىق 20 ـ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى. ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كەينىدە قېلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئاز بولسىمۇ تۆھپىسىنى قوشۇش مەقسىتىدە، تەتىل ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ۋە ئىشتىن سىرت تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، ھەقسىز دەرس ئۆتۈپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**ئابدۇللا قادىر**




## ئۇ ئۆزىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى

يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 64 ـ تۇەن ـ مەيدان مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى كومپارتىيە ئەزاسى بوستانگۈل مەمەتئېلى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان 20 يىلدىن بۇيان، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسپىتە ئىزدىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىئولوگىيە دەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنى يىلدىن يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن، 4 ـ شى ۋە 64 ـ تۇەن پارتكومى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»؛ ئۈچ قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»؛ ئىككى قېتىم «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.(05)

**تۇرغان ئۆمەر**





## يۈسۈپ قادىر داۋۇت ئۈچ يىل ئىچىدە دۆلەتكە پاختا سېتىپ بېرىپ، 175 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى

پوسكام ناھىيىسى ئاختام يېزىسى باش تۇزاقچى كەنت 1 ـ مەھەللىسىدىكى ياش دېھقان، كومپارتىيە ئەزاسى يۈسۈپ قادىر داۋۇت 1999 ـ يىلى ئەتىيازدا كەنتنىڭ 70 مو ئۈنۈمسىز يېرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز تېرىپ، جاپالىق ئىشلەپ، 1999 ـ يىلى دۆلەتكە 6300 كىلوگرام پاختا سېتىپ بېرىپ 60 مىڭ يۈەن؛ 2000 ـ يىلى 6650 كىلوگرام پاختا سېتىپ بېرىپ 75 مىڭ يۈەن؛ 2001 ـ يىل 6000 كىلوگرام پاختا سېتىپ بېرىپ 40 مىڭ 800 يۈەن كىرىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قادىر داۋۇتنىڭ ئۈچ يىلدا پاختىدىنلا قىلغان كىرىمى 175 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

**تۇرسۇن راخمان**

## ئۇ قانۇننى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىدىن چىقىرىلدى

ھېزبۇللا روزى قاغىلىق ناھىيىسى تۆگىچى يېزىسىدىكى بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇ، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىككى مو تېرىلغۇ يېرىنى ھۆددىگە ئالغان. بۇ يەردە نىياز دۆلەت دېگەن كىشىنىڭ قوي قوتىنى بولۇپ، ھېزبۇللا روزى نىياز داۋۇتقا «قوتانلىرى بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشىمغا دەخلى يەتكۈزدى، يۆتكەپ كەتسىلە» دېگەن. نىياز داۋۇت ئۆز قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپ، قوتاننى ۋاقتىدا يۆتكىمىگەن. بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان ھېزبۇللا روزى قانۇن ـ ئىنتىزامنى قايرىپ قويۇپ، چاشقان يوقىتىش دورىسىنى ئۇن بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ، نىياز دۆلەتنىڭ قوتىنىغا تاشلىۋەتكەن. نەتىجىدە، قوتاندىكى 1600 يۈەن قىممىتىدىكى قوي زەھەرلىنىپ ئۆلگەن.

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ھېزبۇللا روزىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بەردى. (05)

**سىدىق تۇردى**





## خالىس تەردىن شەرەپ تاپقان كىشى

قاغىلىق ناھىيە كۆلىيار يېزا ئامانشا 14 ـ كەنتىنىڭ كەنت دوختۇرى، كومپارتىيە ئەزاسى مۇھەممەت توختىمەتنى بۇ جايدىكى كىشىلەر «خالىس تەردىن شەرەپ تاپقان كىشى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. كەنتتە، رادىئو ۋە ئۈنئالغۇ رېمونت قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، كىشىلەر 55 كىلومېتىر يول بېسىپ ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىشقا توغرا كېلەتتى، مۇھەممەت توختىمەت بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ رادىئو ۋە ئۈنئالغۇلارنى رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەندىن باشقا، بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەتراپىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ رادىئو ۋە ئۈنئالغۇلىرىنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولدى.

**ئابدۇللاجان قۇدرەت**

# دېھقانلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى كىشىنى ئەندىشىگە سالماقتا

يېقىندا مەلۇم يېزىدىكى دېھقانلار ئوغرىدىن، تەبىئىي ئاپەتتىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلغان.

1. ئوغرىدىن ئەندىشە قىلغان. ھازىر يېزىلاردا كۆپ سۆزلىنىدىغان گەپ نۇقتىسى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىشى ئەمەس، بەلكى «جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ناچارلىقى» بولۇپ قالدى. نەرسە ئوغرىلايدىغانلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىشىپ، دېھقانلارنىڭ قىممەت باھالىق كالىلىرىنى ئوغرىلاپ كېتىپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچراتقان.

2. تەبىئىي ئاپەت بولۇشىدىن ئەندىشە قىلغان. يېزىلاردا سۇ كەمچىل بولغاچقا، پۇقرالار ھەمىشە يېرىنى سۇغىرالماي ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان. يېزىلارنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، يامغۇر كۆپ ياغقاندا سۇ ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنماي، زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن. ھاشارات ئاپىتىمۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغاچقا، دېھقانلار ئۇنىڭ بىلەن قۇرت يوقىتالماسلىقتىن ئەندىشە قىلغان. بەزى چاغلاردا ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قۇرت تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن يېرىم قىلىدۇ.

# دېھقان پارتىيە ئەزالىرى «پارتىيە نىزامنامىسى»گە مۇھتاج

بەزى يېزىلاردا، بولۇپمۇ چەت، تاغلىق رايونلاردا كېيىنكى ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغان پارتىيە ئەزالىرى بىر قەدەر ئاز، ئۇلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تېلېۋىزوردىن بىلەلەيدۇ، لېكىن ئاسانلا يادىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوقۇشلۇققا ئىنتايىن موھتاج.

مەن ھەر دەرىجىلىك يېزىلىق (بازار)لىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىگە يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى بىر نۇسخىدىن پارتىيە نىزامنامىسى بىلەن تەمىنلەش تەكلىپىنى بېرىمەن.

# كەنتلەردە ئارتۇقچە ۋىۋىسكىلار ئېسىلمىسا

ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشتىن مەقسىتى، كادىرلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ھەم بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش، ھەم چىقىمنى ئازايتىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. لېكىن، مەن يېزىغا بارغاندا، بەزى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بىر ئۆيگىلا قورۇسى تەسىس قىلىپ، دەرۋازىغا: شۇجى ئىشخانىسى، مۇئاۋىن شۇجى ئىشخانىسى، مۇدىر ئىشخانىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى، x x ھەيئەت ئىشخانىسى، پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىش ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئىشخانىسى، ياراشتۇرۇش ئىشخانىسى، ئېلېكتىر ئىشچىسى ئىشخانىسى دېگەندەك ئوندىن ئارتۇق ۋىۋىسكا ئېسىلغانلىقىنى بايقىدىم. بىر يېزىدا مۇشۇنداق كۆپ ۋىۋىسكىنى ئېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاز چىقىم كەتمەيدۇ، دېھقانلارنىڭ يۈكىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بۇنداق كۆپ ۋىۋىسكا ئاسمىسىكەن.

# كادىر تاللاپ ئۆستۈرۈشتىكى ئۈچ «تەڭسىزلىك»

1. بىر ئادەم كۆرسىتىش بىلەن كۆپچىلىك كۆرسىتىش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، كادىر تاللاپ ئۆستۈرۈشتە رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنىڭ پىكرى بىردەك بولىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىردەك بولمىغاندا، ھەمىشە ئاۋۋال رەھبەرلىك كۆرسەتكەن كادىر ئويلىشىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئامما ھەرقانچە كۆپ كۆرسەتكەن بىلەنمۇ «دېموكراتىيە»نى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

2. ئىچكى جەھەتتىن بېكىتىشنىڭ تەكشۈرۈش پىكرىدىن ئۈستۈن تۇرۇش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك. بەزى جايلار، ئورۇنلاردىكى تەشكىلات ـ كادىرلار تارماقلىرى كادىر تاللاشتا بەلگىلىمە دائىرىسىدىكى تەرتىپ بويىچە ئىش ئېلىپ بارماي، «ئىچكى جەھەتتىن بېكىتىش»كە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى «تولۇقلىما تەكشۈرۈش» قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئاممىنىڭ پىكرىگە زادىلا قۇلاق سالمىغان ياكى «ئىچكى جەھەتتىن بېكىتكەن» بويىچە تەيىنلىمەكچى بولغان كىشىنى نىشانلىق كۆزەتكەن.

3. شۇجى بەرگەن ئاۋاز ھەيئەتلەر بەرگەن ئاۋازدىن ئۈستۈن تۇرۇش جەھەتتىكى «تەڭسىزلىك». كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى ئادەتتە پارتكوم كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللايدۇ. لېكىن بەزى جايلار ۋە ئورۇنلار ئاۋاز بەرگەندە، يىغىنغا قاتناشقان خادىملار ھەمىشە بىرىنچى قول رەھبەرنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش ئېلىپ بارغان، ئەمەلىيەتتە شۇجىنىڭ دېگىنى ھېساب بولغان، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچىدە يەنىلا دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىغان. (07)

# «شانلىق مۇۋەپپەقىيەت»تىن كېيىنكى چۈشكۈنلىشىش



لى دالوڭ

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ تۆەن باشلىقلىق «تەخت»تىن قورۇق قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش خادىملىرىنىڭ سوئاللىرى ئالدىدا، ئۇ بۇ خەتەرنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلايدۇ، ئېغىر قايغۇ ھەسرەتكە چۆمىدۇ.

1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، فەن مىڭگاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. بۇ كۈندىن ئېتىبارەن، 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سېپىگە كىرىپ، غەربىي رايوننى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ئاتلانغىنىغا بىر قانچە ئون يىل بولغان تۆەن دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى بۇ رەھبىرىي كادىر ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن، نومۇسسىزلارچە شەخسىي ھەۋەسنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدى. 86 ـ تۆەن مەيدانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىغان پارىخور ئەمەلدار بولۇپ قالدى.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، فەن مىڭگاڭ يېزا ئىگىلىك 5 ـ شى 86 ـ تۆەن مەيدانىنىڭ باشلىقى بولغان. فەن مىڭگاڭ 1959 ـ يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى بولغان، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، يېزا ئىگىلىك تېخنىكى، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، لىيەنجاڭ، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىدىن قەدەممۇ قەدەم مۇئاۋىن تۆەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن.

1960 ـ يىلى تۆەن قۇرۇلغاندىن باشلاپ، 86 ـ تۆەن زىيان تارتىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن، فەن مىڭگاڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان 1992 ـ يىلىغا قەدەر تۆەننىڭ زىيىنى 74 مىليون 220 مىڭ يۈەنىدى. فەن مىڭگاڭ تۆەن مەيدانىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىشنى تېرىقچىلىق سورتى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش لازىملىقىنى بىلەتتى.

ئۇ ئىشنى كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى كىرگۈزۈشتىن باشلاپ، 86 ـ تۆەن مەيدانىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە 1994 ـ يىلى 70 توننىدىن ئارتۇق «لياۋنىڭ ـ 12» نومۇرلۇق يېڭى كېۋەز سورتىنى كىرگۈزۈپ، شۇ يىلى 6000 مودىن ئارتۇق يەرگە تېرىپ، شۇ يىلىلا ھوسۇل ئالغان. 1995 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن «لياۋنىڭ ـ 12» نومۇرلۇق كېۋەز 86 ـ تۆەننىڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتى بولۇپ قالغان، كېيىن بۇ سورتنىڭ ئۇرۇقىنى كۆيتۇڭدىكى 21 ـ تۆەنگە ۋە 30 نەچچە يېزا ـ بازارغا ساتقان. 1995 ـ يىلى، پۈتۈن تۆەن بويىچە 2 ـ مىليون 380 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ، 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن پايدا باج تاپشۇرغان، ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن كىرىم 4386 يۈەنگە يەتكەن، 1998 ـ يىلىغا قەدەر، پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىشتەك پايدىسىز ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن پايدا ئالغان. ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن كىرىم 5101 يۈەنگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 86 ـ تۆەن نامراتلىقتىن ئاخىرى قۇتۇلغان.

زېرەك فەن مىڭگاڭ «تىجارەت بىلەن شۇغۇللانمىسا بېيىغىلى بولمايدۇ» دېگەن داۋالىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، «لياۋنىڭ ـ 12» سورتلۇق ئۇرۇقنى سېتىش كوزىرىنى ئىشقا سالغان. بۇمۇ ئاقىلانە چارە ئىدى. 1996 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا مەيدانىنىڭ كېۋەز ئۇرۇقىدىن قىلغان كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. تۆەن بۇ پۇل بىلەن بورتالا ئوبلاستى رايونى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك زامانىۋى باللار باغچىسى قۇرغان، دوختۇرخانا بىناسى، ئوقۇتۇش بىناسى سالغان، يولغا سېمونت ياتقۇزغان، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەيدانى ياسىغان. تۆەن پاختا

سېتىپ قىلغان كىرىم بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان، زىيانغا ئۇچرىغانلارنىڭ بىر قىسىم زىيىنىنى تولدۇرۇپ بەرگەن.

بۇ پەيتتىكى فەن مىڭگاڭنىڭ 86 ـ تۇمەندىكى ئۇن مىڭلىغان پېشقەدەملەرنىڭ نەزەرىدىكى ئوبرازى يۈكسەك، مۇكەممەل ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇچۇن بېرىلىپ ئىشلىگەن، ئۇلاردىن قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورىغان. ئۇ 1992 ـ يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان، تۇمەن مەيداندىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ماتاشىنى ئارقىغا سۇرمىگەن، 86 ـ تۇمەن مەيداندا 500 دىن ئارتۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، تۇمەن ھەر يىلى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان ياشانغانلار كۇتۇنۇش مەبلىغى تاپشۇرۇپ، بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلىگەن پېشقەدەم بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش جەڭچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى تۇرمۇش جەمئىيتىدىكى غەمدىن خالاس قىلغان. بۇ خىزمەت يېزا ئىگىلىك 5 ـ شى رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ماختىشىغا ئېرىشكەن.

فەن مىڭگاڭ ئەسلىدە ئاددىي ـ ساددا دېھقان ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىدىن توپا پۇراپ تۇراتتى. ئاشۇ جاپالىق كۈنلەردە ئۇ «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ھەقىقەتەن مۇناسىپ ئىدى.

ئۇنداقتا، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزگىرىپ كەتتى؟

1995 ـ يىلى فەن مىڭگاڭ 86 ـ تۇمەنجاڭلىقنى ئۇستىگە ئالغانلىقىنىڭ 4 ـ يىلى ئىدى. ئۇ شۇ يىلى 56 ياشتا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق تۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، پارتىيە ۋە خەلققە ئاچ كۆز قولىنى سۇنۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە قەدىمىدە يىقىلىپ چۈشتى.

1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، 86 ـ تۇمەندىكى ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق سىم يولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى باشلانماقچى ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇمەندىكى توك باشقۇرۇش ئورنىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى لى × × توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ باشلىقى ياڭ پىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياڭ پىڭ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بۇ قۇرۇلۇشنى لى × × كە ھۆددە بېرىدۇ. قۇرۇلۇش باشلىنىپ يېرىمىغا كەلگەندە، تۇمەن قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش شىركىتى: تۇمەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى ئىشچىلار بىكار تۇرسا، قۇرۇلۇشنى پېنسىيىگە چىققان ئادەمگە ھۆددىگە بېرىپتۇ، بۇ قانداق ئىش دەپ، فەن مىڭگاڭغا ئەرز قىلىدۇ. فەن مىڭگاڭ دەرھال لى × × نىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ئىش توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان ياڭ پىڭ بىلەن لى × × ، فەن مىڭگاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، «تۇمەنجاڭ، قۇرۇلۇشنىڭ تەڭ يېرىمى پۇتتى، قالغىنىنى باشقىلار ئۆتكۈزۈۋالسا، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە قانداق قىلىمىز؟» دەيدۇ. فەن مىڭگاڭ ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ، بۇ سۆزنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، لى × × نىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىنى قارار قىلىدۇ. تۇمەنجاڭنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن لى × × بۇ ئىشقا ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىدۇ. ئىككى كۈن ئۆتە ئۆتمەي لى × × 2000 يۈەن نەق پۇلنى ئېلىپ فەن مىڭگاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چاقچاق قىلىپ فەن مىڭگاڭغا: «فەن باشلىق، بۇ يىللاردا قولىمىزغا ئازدۇر كۆپتۇر پۇل كىردى، بۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، قوبۇل قىلغايسىز» دەيدۇ. فەن مىڭگاڭ بىر ئاز ئىككىلىنىدۇ، لېكىن يەنىلا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ فەن مىڭگاڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز بوينىغا سالغان بىرىنچى ئارقان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، بۇ قۇرۇلۇش تاماملىنىدۇ، لى × × يەنە فەن مىڭگاڭغا 2000 يۈەن بېرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ قىلچە ئارىسالدى بولماي، قوبۇل قىلىدۇ.

شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، تۇمەن مەيدان فەن مىڭگاڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىددىكى مەلۇم شىركەتتىن 70.88 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋالىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بۇ شىركەت فەن مىڭگاڭغا 3000 يۈەن تاپان ھەققى بېرىدۇ، ئۇ بۇنىمۇ قىلچە رەت قىلماي قوبۇل قىلىدۇ.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، فەن مىڭگاڭنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، تۇمەن جېجياڭدىكى يەككە تىجارەتچى ۋاڭ × × تىن توك قېچىشتىن قوغدىنىش ئەسۋابىدىن 1585 نى سېتىۋالىدۇ، بۇ ئىشتىن كېيىن، بۇ خوجايىن فەن مىڭگاڭغا 4000 يۈەن ئىنئام بېرىدۇ.

1997 ـ يىلى، فەن مىڭگاڭ سۇناسوسى، ھەمدە زاپچاس ماتېرىيال سېتىۋېلىش ئىشىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ باشلىقى ياڭ پىڭغا تاپشۇرىدۇ. شۇ يىلى شىنجاڭ سۇناسوسى زاۋۇتىنىڭ بورتالادا تۇرۇشلۇق سېتىش ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئورنىدىن 334 مىڭ 636 يۈەنگە سۇناسوسى ھەمدە زاپچاس ماتېرىياللارنى سېتىۋالىدۇ. بۇ مۇلازىمەت ئورنىنىڭ جىڭلىسى لو × × ياڭ پىڭغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئۇچ قېتىمدا 15 مىڭ يۈەن شېرىنكانە بېرىدۇ. ياڭ پىڭ بۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىـ

ششىش، سۇئامسوسى سېتىۋېلىشنىڭ ئىشلارنى داۋاملىق قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆستىلىق بىلەن يىۇ بېۋلىدىن 5000 يۈەننى ئالىرىپ، ئۇنى فەن مىڭگاڭغا بېرىدۇ. فەن مىڭگاڭ ئۇنىڭ شىرىنكانە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەپ-سۆز قىلماي ئۇنى بەلتۇسىنىڭ يانچۇقىغا سالىدۇ. 1998-يىلى، يەنە ياڭ بىلەن سۇئامسوسى زاۋۇتىنىڭ بورتالادا ئورۇنلاشقان سېتىش تېخنىكا مۇلازىمەت ئورنىدىن سۇئامسوسى ھەممە زاپچاس ماتېرىياللىرى بولۇپ، 404 مىڭ 821 يۈەنلىك مال سېتىۋالىدۇ. ياڭ بىلەن فەن مىڭگاڭغا يەنە 5000 يۈەن شىرىنكانە ئەكىلىپ بېرىدۇ، فەن مىڭگاڭ ئۇنىمۇ كەپ-سۆزسىز يانچۇقىغا سالىدۇ.

فەن مىڭگاڭنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا تۇغقانلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا يۇرتىدا ئوقۇغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ چيەن جىخەي ئىسىملىك تۇغقىنى شىنجاڭغا كېلىپ، فەن مىڭگاڭدىن ئازراق ئېتىبار بېرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. فەن مىڭگاڭنىڭ ئەسلىي بۇ ئىشقا ماقۇل بولغۇسى يوق ئىدى. لېكىن چوڭ ئوغلىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ سالا قىلىشىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. 1998-يىلى 4-ئايدا، ئۇ تۇەنىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەسئۇل رەھبىرىگە ھەمدە كەسپىي تارماقلارغا چيەن جىخەيگە ئازراق ئىش تېپىپ بېرىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىدۇ. 1998-يىلى 7، 8-ئايلاردا چيەن جىخەي مەينەت سۇ تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنى سەككىز چىرىتىش ئورنى قۇرۇلۇشى ۋە پار تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنى ئۆھدىگە ئالغاندا قاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش قىممىتى 1 مىليون 241 مىڭ يۈەن بولسىمۇ، ئۈچ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، تۇەندىن نەق چىقىمىنى تەكشۈرۈپ، چيەن جىخەيگە 1 مىليون 301 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى بېرىدۇ.

نەپكە ئېرىشكەن چيەن خوجايىن تەبىئىي ھالدا فەن مىڭگاڭدەك بۇ «بايلىق ئىلاھى» تۇغقىنىنىڭ قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن 1999-يىلى 1-ئايدا، 10 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ فەن مىڭگاڭنىڭ ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. چيەن جىخەي ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئۇنىڭغا ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئوغلى پۇلنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن چيەن جىخەي قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇ 10 مىڭ يۈەننىڭ يوتقىنىنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇلغانلىقىنى بايقايدۇ.

1999-يىلى 4-ئايدا، چيەن جىخەي سىنچۇەنگە بېرىپ ھېيت ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە فەن مىڭگاڭنىڭ ئۆيىگە يۇرتىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى ئېلىپ ئۆتكەنى يوقلاپ بارىدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم فەن مىڭگاڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئايالى ۋە بەزى تەقلىرىنى يالغۇز ئۆيىگە چاقىرىپ كىرىپ، بىر قانچە ئېغىز مىننەتدارلىق سۆزىنى ئېيتىپ، ئاندىن 30 مىڭ يۈەن پۇلنى قويۇپ قويىدۇ. فەن مىڭگاڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلىغا بۇ پۇلنى چيەن جىخەيگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىشنى تاپىلايدۇ. لېكىن چيەن جىخەي ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ 30 مىڭ يۈەن فەن مىڭگاڭنىڭ بانكىغا قويغان پۇلى بولۇپ قالىدۇ.

1999-يىلى 3-ئايدا، يەنە فەن مىڭگاڭ 60 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىش ئىدارىسى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، فەن مىڭگاڭ يىزا ئىگىلىك 5-شى 86-تۇەننىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە ۋەزىپىسىنىڭ قولايلىقلىقىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلار تەرىپىدىن قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش، مەھسۇلاتنى سېتىش مەقسىتىدە بېرىلگەن 61 مىڭ يۈەننى قوبۇل قىلىپ پارا قوبۇل قىلىش خاتالىقى شەكىللەندۈرگەن؛ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ شەخسىي سالغان ئۆيىگە ئېلىپ بەرگەن چىراغ قاتارلىق 2330 يۈەن قىممەتتىكى نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش خاتالىقىنى شەكىللەندۈرگەن؛ باشقىلار تەرىپىدىن تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ بېرىلگەن پۇل ۋە يار-يۆلەكتە بولىنىدىغان ئورۇن تەرىپىدىن بېرىلگەن تاپان ھەققى بولۇپ 1600 يۈەن قوبۇل قىلىپ، سوۋغا قوبۇل قىلىش خاتالىقى شەكىللەندۈرگەن دەپ قارىغان.

فەن مىڭگاڭنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خاتالىقىنى تونۇغانلىقى ۋە تەشكىلگە ماسلىشىپ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېرىشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1999-يىلى 7-ئايدا بىڭتۇەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق فەن مىڭگاڭنى پارتىيىدىن چىقىرىش، تۇەنجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېرىشكەن 64 مىڭ 930 يۈەننى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدى. (07)

# ياچېيكا خىزمىتىدە مەركىزىي ھالقىنى تۇتۇشقا دىققەت قىلىش لازىم

مەركىزىي ھالقىنى تۇتۇش شەيئىلەرنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى تۇتۇش دېگەنلىك. مۇرەككەپ خىزمەتلەر ئارىسىدىن تەسىرى ھەممىدىن زور بولغان خىزمەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولغاندىلا بارلىق خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

**1. مەركىزىي ھالقىنى توغرا تۇتۇش لازىم.** مۇرەككەپ شەيئىلەر نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، ئۇلاردىن قايسىلىرىنىڭ مۇھىم، قايسىلىرىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا بېقىنمىغاچقا، خالىغانچە بېكىتىۋېلىشقا بولمايدۇ. مەركىزىي ھالقىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش لازىم.

**2. مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.** پارتىيە ياچېيكىسى ئاساسلىق خىزمەتلەرنى تۇتۇپلا قالماي، بەلكى چوقۇم چىڭ تۇتۇش لازىم. مۇھىم خىزمەتنى تۇتمىسا بولمايدۇ، تۇتقاندىمۇ چىڭ تۇتمىسا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا قاتمۇقات كاشىلا ۋە توسالغۇلار پەيدا بولىدۇ، بۇ رەھبەرلىكتىن كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، توسالغۇ ۋە كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مەركىزىي ھالقىنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**3. مەركىزىي ھالقىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش لازىم.** ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەردىكى زىددىيەتنىڭ پەرقى ئوخشاش بولمىغان مەسىلە، ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى مەركىزىي ھالقىنىڭ پەرقىنى بەلگىلەيدۇ. ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەركىزىي ھالقىسى بولىدۇ، شۇڭا ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆز مەركىزىنى بېكىتىشى لازىم.

**4. مەركىزىي ھالقىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئىگىلەش لازىم.** ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىل، ئوخشاش بولمىغان باسقۇچ، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا، ئاساسلىق زىددىيەت ياكى زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەركىزىي ھالقىمۇ ئۆزگىرىدۇ. ياچېيكا شۇجىسى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى سەگەكلىك بىلەن ئىگىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىشى لازىم.

**5. ئومۇملۇق قارىشنى تىكلەپ مەركىزىي ھالقىنى ئوبدان تۇتۇپ، باشقا خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش لازىم.** مەركىزىي ھالقىنى تۇتقاندا، باشقا خىزمەتلەرگە سەل قارىماسلىق، ئۇنىڭ باشقا خىزمەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، باشقا خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولىدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى بېكىتىپ، ھەرقايسى خىزمەتلەرنى بىرلىكتە يۈكسەلدۈرۈش لازىم. (07)

# ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ھالقا قىلغان

ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزى ئۇستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە يەكۈن چىقىرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەينەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە ۋيېتنامنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى يولنى تەدرىجىي تېپىپ چىقىپ، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى كەسكىن ئۆزگىرىشنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشىنى، ۋيېتنام خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ۋيېتنامچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

## يېتەكچى فاڭجېن ۋە توپ ۋەزىپە

ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ھالقا قىلىش»نى تەكىتلىگەن، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى، پارتىيىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە؛ پارتىيىنىڭ ھەر خىل فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىدا ماركسىزم، لېنىنىزم، خوجىمىڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا ھەمدە ئۇنى ۋيېتنامنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ماھىيىتىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ توپ ۋەزىپىسى ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى «خەلقنى مەنبە قىلغان، خەلققە مەنسۇپ بولغان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان» پارتىيە، پاك، قۇدرەتلىك پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى يېڭى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## مۇھىم نۇقتا

1. ماركسىزم، لېنىنىزمنى ۋيېتنامنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزمنى ئىجادچانلىق بىلەن قوللىنىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش.

2. جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئومۇمىي خەلقنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش.

3. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، مەمۇرىيەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش.

4. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد ۋە تەنقىد تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىدا توپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش.

5. دېموكراتىيە تۈزۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ۋە يولغا قويۇپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش.

6. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، پار-

تېيىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي مەيدانىنى مۇستەھكەملەش، پارتىيىلىك كادىرلارغا بولغان ئەخلاق پەزىلەت، تۇرمۇش ئۇسلۇبى تەربىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ جەھەتتىن يېتىلىشىنى كۈچەيتىپ، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار سىياسىي ئىدىيە، ئەخلاقىي ئۇسلۇب جەھەتتە بوشىشىپ كېتىشتەك ئەھۋالنى ئۇنۇملۇك ھالدا توسۇش ۋە ئۆزگەرتىش.

7. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىغا، كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ۋە سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشقا، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىشقا، لىبېرالىزم، ھۆكۈمەتسىزلىك، «مەزھەپچىلىك»، تار مەھكىمچىلىك، مەھەللىۋازلىق، شەخسىيەتچىلىك، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق، پارىخورلۇق ـ خىيانەتچىلىك، ئىسراپچىلىق، چىرىپ چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق ئىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش.

### ئاساسىي تەدبىر

پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ئالايلۇق: مەركەزدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغىچە سىياسىي ئۆگىنىش قىلىش ھەمدە ئۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش، خۇجىمىڭنى ئۈلگە قىلىپ ئەخلاق ئۇسلۇب جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش، كادىرلار، مەمۇرىيلار، مال ـ مۈلكىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ پارتىيە ئەزالىرى قىلىشقا بولمايدىغان 19 ماددىلىق بەلگىلىمە، كادىرلار ۋە كادىرلار خىزمىتىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان پارتىيىلىك كادىرلارنى پاش قىلىش خېتى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز ئورنى، ئۆز جايىدا پەيدا بولغان خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ئەھۋاللىرىدا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى تارقىتىش؛ يوچۇقلارنى ئېتىش مەقسەت قىلىنغان مالىيە، مەبلەغ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك مېخانىزملارنى بەرپا قىلىش؛ ئاساسىي قاتلام، ئورگان ۋە كارخانىلاردا دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، «خەلق خەۋەردار بولۇش، خەلق مۇزاكىرە قىلىش، خەلق قول تىقىش، خەلق تەكشۈرۈش» فاڭجېنىنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىش ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «9 ـ قۇرۇلتىيى»دا، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلىنىپ، بەزى كونكرېت نىشانلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى ئەسىردە پارتىيە ئۇسلۇبى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى يۆنىلىشى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلدى.(07)



# نېمە ئۈچۈن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى تېز كىشىلەر زورلار بولۇپ قالدى؟

نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى زامانىمىزدا ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن زور خىرىس بولۇپ قالدى. نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى يەر بايلىقى، ئورمان بايلىقى، ئېنېرگىيە، شەھەر مۇھىتى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بىر قاتار بېسىم ئېلىپ كەلدى.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن كۆپەيدى، كىشىلەر يەيدىغان ئاشلىق يەرگە زىرائەت تېرىپ ئېلىنغان ھوسۇلدىن كېلىدۇ، بىراق نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى يەر شارىدىكى يەر بايلىقىغا گويا بومبىدەك زەربە بەرمەكتە. ئاشلىق مەھسۇلاتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە يېتىشەلمىگەنلىكتىن، دۇنيانىڭ ئاشلىق تەمىناتى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى. ئافرىقىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئاشلىقنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 1950 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.18 گېكتار ئىدى، 1980 - يىلى 0.1 گېكتارغا چۈشۈپ قالدى، بۇ تېخى دۇنيادىكى ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 0.37 گېكتارنىڭ 1/3 ىگىمۇ يەتمەيدۇ. 2000 - يىلى ئېلىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يېرى 0.8 گېكتار بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ھەر گېكتار تېرىلغۇ يەر بېقىشقا توغرا كېلىدىغان نوپۇس سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە، ھەر گېكتار يەر باقىدىغان ئادەم 1950 - يىلى 5.5 ئىدى. 1980 - يىلى 9.8 گە كۆپەيدى، 2000 - يىلى 12 گە يەتتى. ھالبۇكى، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىدە، كىشى بېشىغا 0.2 گېكتاردىن يەر توغرا كەلگەندىلا، ئاندىن پۈتۈن نوپۇسنى باقىملىق ھەمدە ئىقتىساد ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بەرگىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، يەر قۇملىشىپ كېتىۋاتقان، سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىۋاتقان، سانائەت ۋە شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى كەڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى يەپ كېتىۋاتقانلىقتىن، ئېلىمىزدىكى تېرىلغۇ بولىدىغان يەر كۆلىمى يىلىغا 470 - 670 مىڭ گېكتارلىق سۈرئەت بىلەن ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

يېمەكلىك تەمىناتىنى نوپۇسنىڭ تېز ئېشىشىغا يېتىشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا، مەسىلەن، زور مىقداردا خىمىيىلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا ياكى بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بەدىلىگە رېئاللىققا ئاشىدۇ، چۈنكى خىمىيىلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىلسە، تۇپراق قېتىپ كېتىدۇ، سۇنىڭ تەركىبى قويۇقلىشىپ كېتىدۇ، مۇھىت بۇلغىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دورىدىن قورقمايدىغان زىيانداش ھاشاراتلار ۋە ئۆلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىپ، ئاقىۋەتتە ھوسۇل كېمىيىپ كېتىدۇ.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ياغاچ ماتېرىياللىرىغا بولغان تەلەپنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، كىشىلەر دەرەخنى كەلسە - كەلمەس كېسىپ، ئورمان كۆلىمىنى ئازايتىۋېتىدۇ. ئورمان ئىنسانلارنىڭ مۇھىت سۈپىتىنى ساقلاشتىكى يېشىللىق خەزىنىسى، ئورمان قۇرۇقلۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. لېكىن 1850 - يىلىدىن بۇيان، 1 مىليارد گېكتاردەك كۆلەمدىكى ئورمان كېسىۋېتىلدى، ئىپتىدائىي ئورمانىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئازىيىپ كەت-

تى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا برازىلىيە، ھىندونېزىيە، زايىردىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتتىكى ئىسسىق بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنىدىن ھەر يىلى 2 مىليون گېكتارلىق ئورمان كېسىۋېتىلدى. پىل چىشى قىرغىقى دۇنيا بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. 1987 ـ يىلى ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى % 3 بولدى. ھالبۇكى، ئورمانىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى % 5.9 بولدى. ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى ناھايىتى تېز كۆپىيىۋاتىدۇ، نۇرغۇن يېزىلاردا تېرىلغۇ يەر يېتىشمىگەنلىكتىن، زور كۆلەمدىكى ئورمان ۋەيران قىلىنىپ يەرگە ئايلاندۇرۇلدى. مەملىكىتىمىز بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ئازادلىقنىڭ دەسلەپدىكى ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى % 19 ئىدى. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە % 13 كە چۈشۈپ قېلىپ، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

سۇ ئىنسانلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماددا. يەر شارىدا سۇ ئىنتايىن مول ئىدى. ئىلگىرى كىشىلەر سۇ بايلىقىنىڭ كەمچىللىكىنى زادى ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. بىراق، ھازىر نوپۇس كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئېلىمىزدە سۇ بايلىقىنىڭ جىددىيلىكى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. نوپۇسنىڭ جىددىي كۆپىيىشى سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئازايتىۋەتتى. كۆللەرنى قاشالاپ ئېتىز بەرپا قىلىنغانلىقتىن، يەر يۈزىدىكى سۇ بايلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يەر ئاستى سۈيى ھەددىدىن زىيادە تارتىلغانلىقتىن، يەر ئاستىدىكى سۇ زاپىسى ئازىيىپ كەتتى. سانائەت كېرەكسىز سۈيى كۆپ مىقداردا قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن، سۇ بايلىقى بۇلغىنىپ، سۇ بايلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى يەنە ئېنېرگىيە تەمىناتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى ھەمدە تاشقاتما يېقىلغۇلارنىڭ خوراش ۋاقتىنى قىسقارتىۋەتتى. ئېنېرگىيە ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ماددىي ئاساس بولغاچقا، ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆلچەشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان ئېنېرگىيىنىڭ %95ى تاشقاتما ئېنېرگىيىدۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيانىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ئۆلچەملىك كۆمۈر بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر يىلى تەخمىنەن 11 مىليارد توننىغا يېتىدىكەن، ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ ئېشىشى مۇقەررەر ھالدا مۇھىت بۇلغىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ.

نوپۇس جىددىي كۆپىيىپ كەتسىمۇ، جانلىقلار بايلىقى ھەددىدىن زىيادە تالان ـ تاراج قىلىنىپ، جىددىي ئازىيىپ كېتىدۇ، جانلىقلارنىڭ تۈرى كۆپلەپ يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئىنسانلار مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇھىت كرىزىسىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. كىسلاتالىق يامغۇر ھادىسىسى، پارنىڭ ئېففېكتى، ئوزون قاتلىمىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىت مەسىلىلىرى نوپۇسنىڭ جىددىي كۆپىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى غايەت زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى، ئېكولوگىيە كرىزىسى 21 ـ ئەسىردىكى ئىنسانىيەتكە ئەڭ زور خەۋپ بولۇپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش، ھازىردىن باشلاپ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى پەيدىنپەي توسۇش ھەمدە قىسقا مەزگىل ئىچىدە نوپۇسنىڭ «0» لىك ئېشىشىنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش. (04)

(«يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن»
دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.)

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى قاراقاش ناھىيىسىگە ئەمەلىي ياردەم بەردى

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى بۇ يىل 2 ـ ئايدا نازارەتكە قاراشلىق بۆلۈم، ئىشخانىلاردىكى كادىرلار ئىئانە قىلىش ، نازارەت مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىش ئارقىلىق يىغىلغان 62 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ماددىي ئەشيالارنى قاراقاش ناھىيىسىگە ئىئانە قىلدى. ئۇلار كۇيا، قوچى، زاۋا قاتارلىق يېزىلىرىنىڭ توققۇز كەنتىدىكى ئالاھىدە نامرات ئائىلىلەرگە 250 خالتا ئاق ئۇن، Kg 750 سۇ يېغى، 500 بولاق قەنت، 500 بولاق چاي قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى ۋە 409 نامرات ئائىلىگە 100 يۈەندىن پۇل بەردى. ناھىيىلىك يېتىم بالىلار پاراۋانلىق مەكتىپى، كۇيا، زاۋا، قوچى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە كومپيۇتېر، خەت بېسىش ماشىنىسى، فوتو ئاپپارات، كۇنۇپكا تاختىسى، تىل ئۆگىنىدىغان ئۈنئالغۇ، ھېسابلاش ماشىنىسى، تەنتەربىيە سايمىنى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى ھەمدە بۇ مەكتەپلەردىكى 300 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا ئوقۇغۇچىلار فورمىسى، ھۆسنىخەت قەلىمى ۋە 150 ئالاھىدە نامرات ئوقۇغۇچىغا 50 يۈەندىن نەق پۇل تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ خىل ياردىمىدىن تەسىرلەنگەن نامرات دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياردىمىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.



**جاپپار يۇنۇس**

## ئاچال بازىرى «يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى

مارالبېشى ناھىيە ئاچال بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن بازاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ «يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ياراتتى.

بۇ بازار ھەر كۈنى ئەتىگەندىكى ئىككى سائەتلىك سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بازار تەۋەلىكىدىكى 18 ئىدارە، ئورۇنلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، 1100 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت يەككە تىجارەتچىلەرنى تەشكىللەپ، «يۇقىرىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، لېكسىيە سۆزلەش ئېلىپ باردى. بۇ بازار يەنە ئوقتىلىق مەزمۇنلاردىن مەخسۇس كونسۇلتاتسىيە قىلىش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئېڭىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

**ئادىل مىجىت**

## گۈلباغ يېزىسىدا دېھقان، چارۋىچىلار سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل 2 ئاينىڭ 14 كۈنى يېزا بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە يېزا تەۋەسىدىكى 14 كەنتتىن كەلگەن 53 نەپەر ماھىر قاتنىشىپ، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە تۈرلىرى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئاخىردا نەتىجىگە ئېرىشكەن 30 نەپەر ماھىر ئۈچ دەرىجە بويىچە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. مۇسابىقىنى 1000 دىن ئارتۇق ئامما كۆردى.

**تاھىرجان نىياز، سۇلتان سەمەت**

## مەكىت ناھىيىسى ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ «كۆزنى ئېچىش» ىغا مەدەت بەردى

مەكىت ناھىيىسى «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا ئاممىۋى مەدەنىيەتنى جانلاندۇرۇپ، ئاممىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئون قارار كۇرس ئېچىپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا خادىملىرىدىن 23 كىشىنى، يېزا ئاساسىي قاتلام پونكىتلىرى (ئۆيلىرى) خادىملىرىدىن 190 كىشىنى تەربىيىلىدى. يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەردە 30 دىن كۆپرەك ئىشتىن سىرتقى دولان سەنئەت ئەترىتى قۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت ياراتتى. كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى ۋە ئۆمىكىنى ئون نەچچە قېتىم سىندۇڭ، جىڭجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەردە ئويۇن قويۇشقا تەشكىللەپ، دولان يۇرتى ـ مەكىتنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتۇش ئاساسىدا كەسپىي ماھارىتىنى ئېچىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەمئىيەتلىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ «كۆزنى ئېچىپ كېلىش» كە مەدەت بەردى.



ئەنۋەرجان مەتنىياز

## يەكەن ناھىيىسى ۋەزىپە بىلەن چېنىقتۇرۇلغان كادىرلارنى لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللىدى

يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ شىمالىي شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇتۇش، شىمالىي شىنجاڭدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، 2002 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگە قەدەر بۇ ناھىيە تەۋەلىكىدىن شىمالىي شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلگەن 21 نەپەر كادىرنى ھەر قايسى يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللىدى.

بۇ قېتىمقى لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللەنگەن كادىرلار نۆۋەتتە كەنتلەردە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» قا دائىر ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋەزىپە بىلەن چېنىقتۇرۇلغان كادىرلارغا قويغان «ئۈچ تۈرلۈك» تەلىپى، چېنىقىش جەريانىدا ئالغان تەسىراتى، يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرى، كۆرگەن يېڭىلىقلىرى قاتارلىقلارنى كەڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش روھىنى ئۇرغۇتتى.

مۇھەممەت مۇسا

## يېڭىشەھەر ناھىيىسى باج كەچۈرۈم پۇلىنى دېھقانلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى

بۇ ناھىيە، ناھىيە بويىچە يىللىق ساپ كىرىمى 600 يۈەندىن تۆۋەن بولغان نامرات ئائىلە ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، چارۋىچىلىقى ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۈچ خىل بېجى ۋە چارۋىچىلىق بېجىنى دۆلەت خەزىنىسىدىن قايتۇرۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇش ئۈچۈن ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك باج كەچۈرۈم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان 52 مىڭ ئائىلىنى تىزىملاپ چىقىپ 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە بۇ ئائىلىلەرگە كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن كەچۈرۈم پۇلىنى قايتۇرۇپ بەردى.

سابىرجان سىيىت

تالىپجان ئابدۇ مۆمىن

# مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش



5) مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىتتىپاقلىق ، مۇقىملىقنىڭ ئەشەددىي زىيانداشى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى .



6) بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ۋەزىپە .



7) بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مىللەت مەسىلىسىمۇ ، دىن مەسىلىسىمۇ ئەمەس ، بەلكى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىر تاجاۋۇزچىلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈۋېتىش سۇيىقەستىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ داۋامى .



8) بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرىشىمىز ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئەڭ چوڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز ، ئۇلارغا تايىنىشىمىز ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ چوڭ دائىرىدە يېتىم قالدۇرۇشىمىز ، ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز ، چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىشىمىز ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك .



9) قەتئىي قورالنى ... مىللىي بۆلگۈنچىلەر-نىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تۈردە كۈچلۈك زەربە بېرىشىمىز كېرەك .



10) ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىن ئەسەبىي كۈچلىرىنىڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىشىگە ، زەھەرلىشىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك .



باگۋاڭمىڭ ، ئەر ، شىبە ، 1941 ـ يىلى شىنجاڭ چاپچال ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ، 1964 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتوتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ھازىر شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتوتى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ، جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ماي بوياقچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى . ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشتۇرۇلۇپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ، ساقلانغان ، نەشر قىلىنغان ، رەسىم توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن . ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ئىچىدە « چاپچال يايلىقى » ناملىق ئەسىرى مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت رەسىم كۆرگەزمىسىدە ، « يۇرت » دېگەن ئەسىرى بېيجىڭدا ئېچىلغان شىنجاڭ ياخشى دېگەن گۈزەل سەنئەت رەسىم كۆرگەزمىسىدە « نادىر ئەسەر » مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ، « شاتلىق » ، « باش باھار » ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى شىنجاڭدا ئېچىلغان گۈزەل سەنئەت رەسىم كۆرگەزمىسىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ، « بۇلاق » « تەبرىكلەش » « قۇياش نۇرى » ناملىق گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى شىنجاڭدا ئېچىلغان گۈزەل سەنئەت رەسىم كۆرگەزمىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ «باگۋاڭمىڭ سىدام سىزما ماھارىتى» دېگەن كىتابى نەشر قىلىنغان .



تەنتەنە ( ماي بوياق رەسىم )

باگۋاڭمىڭ سىزغان

ئىلان چىقىرىش كىنىشكە نومۇرى : 6500006000115
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 42 ـ 58 باھاسى : 00 . 3 يۈەن
( 维文版 )
ژۇرنال نومۇرى : ISSN1002—9451 / CN65—1002 / Z